

تېيىپجان ئېلىيوپ

طيب جان

تېيىپجان ئېلىيوپ

# تاللانغان شېئىرلار

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر



شېئىرىيەتتىن زوقلىنىدىغان يۇرتداشقا تەقدىم.

تېيىپجاندىن

1988 - يىل ، 6 - ئاي ، ئۈرۈمچى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ت. ئېلىيوپ

# تاللانغان شېئىرلار

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ
ئا. ئۆمەر

مەسئۇل كورېكتورى: ئادالەت مۇتەللىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا 306 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا تىزىلدى
شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.5، قىستۇرما ۋارىقى: 4
1985 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1985 يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·994
تىراژى: 3.500 — 1
باھاسى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى 1.45 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىقى 0.75 يۈەن

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........ 1
شېئىرلار ........ 1
جەڭچى ئاكامغا ........ 1
جانان ئۈچۈن ........ 2
گۈلۈمگە ........ 3
قىش كەتتى ........ 4
كۆكلەم جىلۋىسى ........ 5
يارات ........ 7
ئاداققى سۆزۈم ........ 9
كۈرەش ........ 11
لۇتپۇللاغا ........ 12
كۈت مېنى ........ 14
لېنىن ئۆلمىدى ........ 16
تاڭ يېقىن ........ 18
بىزنىڭ ناخشىمىز ........ 19
تاڭ ناخشىسى ........ 22
كېلىچەككە سالام ........ 23
ئىشەنچ ........ 24
ماتەم ........ 26
خىتابىم ........ 29
بۈگۈن ........ 33
ياشلىغىم ........ 34

توي ........................................ 35
تارىخنىڭ هۆكمى ........................ 38
دىخان قىزىنىڭ ناخشىسى .................. 42
كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا ................. 43
باهار شامىلى ............................ 46
ئالدانغان قىزغا .......................... 48
ئىشچان يىگىت ........................... 49
بەخت .................................... 50
ۋالاقتەككۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى ............... 54
يۈرەك سۆزى ............................. 61
مەن سوتسيالىستىك شەهەر ئادىمى ......... 67
مۇهەببەت ................................ 69
يىگىت ئارزۇسى ........................... 71
«ئاۋرورا» .................................. 72
گۈركى مۇزېيىدا ............................ 74
هەيرانمەن ................................ 77
هەسرەت ................................. 79
ۋەتىنىم ................................. 80
بەخت يۇلتۇزى ............................ 82
تۈگىمەس ناخشا .......................... 83
بىلدەپتىمەن ............................. 84
بىرىنچى خەت ........................... 86
مىلتىغىمنى بەرگىن قولۇمغا ............. 88
كۆمۈر .................................. 91
ساڭ مۇدىرىنىڭ «زىيانداشقا قارشى» ئاجايىپ
تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق ............... 92

قارئۇستىدىكى قۇش ........................ 97
ئەلەم ........................ 99
بۈگۈن ھەم ئەتە ........................ 101
پۇشايمان ........................ 102
سارىيە ........................ 104
ئۈزۈم ئۈزگەندە ........................ 111
بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى ........................ 113
سۇ كەلدى ........................ 117
ئامرىغىم ........................ 119
ئۆتكەل ........................ 120
سېنتېبىرسونغا رەددىيە ........................ 124
ئۈزىتىش ........................ 129
يوللۇق ئالما ........................ 130
«ئاساسەن»نىڭ شىكايىتى ........................ 131
ئۈرچۈق باتۇر ........................ 137
ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ........................ 142
لەۋلىرىڭنى شۇ ئۈزۈمگە ئوخشاتتىم ........................ 144
بۈيلۈقنىڭ تويى ........................ 146
پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى ........................ 147
ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن ........................ 151
سەيلىدە ........................ 153
تۇمىنجىياڭ بويىدا ........................ 156
خۇجى ........................ 158
مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە ........................ 161
يۈخۋاتەيگە زىيارەت ........................ 162
سىر دىگەن مۇتلەق ئەمەس ........................ 166

ئاتىنىڭ نەسىھىتى ........................ 167
زەپەر چىرايلىق كەلدى باھار ........................ 168
سەنئەت باھارى ........................ 169
جاۋاپ چاۋاك ........................ 173
ئۇنتۇلماس مىنۇتلار ........................ 176
بولمىسا ........................ 182
شۇم بالا ........................ 183
بىر قىزنىڭ ھەسرىتى ........................ 186
يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا ........................ 188
ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ ........................ 190
كۆچەت ........................ 194
نەسىھەت خاتىرىسىگە ........................ 195
قانداق قىلاي ........................ 196
كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل ........................ 199
ئوتتۇز يىل ........................ 200
ۋۇشىجاڭنىڭ ئۆلۈمى ........................ 204
ئاسمانىڭ قىياپىتى ........................ 206
سادا ........................ 208
كانايدىن ئۇن چىقامدۇ ياغلىمىسا ........................ 210
چال ئوغلۇم ........................ 211
ئارچا ........................ 213
كەۋسەر ........................ 214
تېۋىلغا ........................ 215
يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ ........................ 216
موزاي بىلەن تۈلكە ........................ 217
«قىز قوۋار»دا ........................ 219

ئەنـشى قىزغا ........................ 220
يۇرتۇمنى كۆرۈپ دىگەن گەپلىرىم ............ 221
يانبۇلاق ................................ 227
تەۋەرۈكنى كۆرگەندە ...................... 230
مۇقام ................................... 232
گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟ ..................... 235
قامچىنىڭ نە ھاجىتى ياخشى ئاتقا ........... 236
ناخشا ئېيتىپ ئەركە تۇتتى مىرگۇل قىزى ··· 237
ئوخرىد بويى .............................. 238
دىرىم كۆۋرۈگى ئۈستىدە ................... 240
پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى ............. 241
گۈل ..................................... 243
تارا كۆۋرۈكى ............................ 244
سىنچىنىڭ سۆزى .......... .......... 246
ئەمدى ................................... 248
تەشەككۇر ................................ 249
يىراقتىن خەت ........................... 251
ياماتۇنىڭ تويى ........................... 257
پىئونېرنىڭ سۆزى .......................... 259
شېئىر مەشرىپى ............................ 260
تۇرپان مېھمانخانىسى ....................... 262
چىن تەنچىيۇ خاتىرىسىگە .................... 265
ئېتىزدا باھار ............................. 266
چوغلۇق يېنىدا چاقچاق بار ئىكەن ............ 268
پەشتاقتا ................................. 270
سالامەت بولـۇڭ ........................... 273
ئانا مېھرى ............................... 274

چوققىدىكى قارىغاي ........................ 276
خۇاڭسەنگە چىققاندا ........................ 278
يۈرەك سوغىسى ........................ 281
بىر سۈرەتنىڭ تارىخى ........................ 284
ۋەسىيەت ........................ 288
رۇبائىلار ........................ 289
پارچىلار ........................ 298
تۇيۇقلار ........................ 302
ئىشقىي غەزەللەر ........................ 305
يارنى سېغىندىم ........................ 305
ئۆرتىدى ........................ 306
يار ئىشقىدا ........................ 307
قەدىرلەيمەن سېنى جانان ........................ 308
يىغىدا ........................ 309
ئەمدى ئېغىز ئاچما ........................ 310
مەيلىمۇ ........................ 311
مەلىھەم ئوق ........................ 312
ئۆرگىلەي ........................ 313
باشقىسى ........................ 314
كۆتۈپ ........................ 315
مەن بەختىيار ........................ 316
ئالدىدا ........................ 317
شۇندىن بېرى ........................ 318
ھۆي بالا ........................ 319
خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم ........................ 321
ئەجەپ گەپقۇ ........................ 322
ئانا، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ........................ 323
جانان كېلىدۇ ........................ 325

## ئاپتوردىن

مەن شېئىر يازغىلى تۇرغىلى قىرىق يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا «ئۇششاق ـ چوڭ، پىششىق ـ توڭ» بولۇپ، تەخمىنەن بىر مىڭ پارچىغا يېقىن شېئىر يېزىپتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدىن كۆپرەكى ئېلان قىلىنغان بولسا كېرەك. مېنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى قىرىق يىللىق قەدەملىرىمدىن قانداق ئىزلار قالغانلىقى كىتابخانلارغا ناھايىتى ئېنىق.

دەسلەپكى يازغانلىرىمدا بالىلارچە ساددىلىقنىڭ، دوراmچىلىقنىڭ پۇرىقى قويۇق. بارا ـ بارا قېتىقىنىپ ئۆگىنىش، تۇرمۇشنى ئاڭلىقراق كۆزىتىش نەتىجىسىدە شېئىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تونۇشۇم ئۆسكەنسېرى، بولۇپمۇ «ئېچىلىش ـ يايراش» يۈزلىنىشىنىڭ چاقىرىقى بىلەن بارلىققا كەلگەن ياخشى ھاۋانىڭ ئىلھام بەخش پەيزىدە يازغانلىرىمدا ئىجادىي ئىزلىنىش ئامىللىرىمۇ كۆپىيىپ باردى. بىراق، كېيىنرەك «سول»چىل ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈم سۈرگەچكە، ئىجادىيەت يولى تولىمۇ تار، ئەگرى ـ توقاي ۋە ئەنسىز بولۇپ كەتتى ـ دە، تېما جەھەتتىكى قاتمال چەكلىمىلەر، نېمىنى ۋە قانداق مەدھىيىلەش، نېمىنى ۋە قانداق ئەيىبلەش ھەققىدىكى چاكىنا بەلگىلىمىلەر ئىجادىيەتنى باھالاشنىڭ بىمەنە نوقۇل سىياسىي ئۆلچەملىرى جۈملىدىن ئەدەبىيات تەنقىدى ناملىق سەپسەتە ۋە كالتەكلەر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇۋەتتى. ئومۇمىي ھەقىقەتتىن بىر تەرەپ-

بىز ھازىر شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىزكى، تۈنۈگۈن-
كى يېڭىلىقلار بۈگۈنكى يېڭىلىقلار ئالدىدا چېنىپ قېلىۋاتىدۇ.
كۈنسايىن بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلارغا ماسلىشىش ئاسان
ئەمەس. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى يېڭىلىقلارنى
كونا، قاتمال رامكىلار بويىچە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش
ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ ھاياتنى
تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەۋىيىسىگە لايىق نەزەر بىلەن كۆزىتىشى
شۇنىڭغا لايىق تىل ۋە كۈي تېپىشى لازىم. بىزنىڭ دەۋ-
دىسىدىن چىقىش بولۇپمۇ بىز قىزراملىقلارغا ئوخشاي چۈش-
مەيدۇ. لېكىن خەلقتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆگىنىشتىن چېكىن-
مىسەكلا يەرگە قاراپ قالىمىز، شائىرنىڭ ئانىسى خەلق،
ئۇ ئانىنى رازى قىلىش بىلەنلا قەدىرلىك.

ئەل نىمىگە سۆيۈنسە زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نىمىدىن يىرگەنسە ھومايساڭ ئاڭا،
ئالقىش تۇرماق راھەتتۇر ھەتتا ھاقارەت،
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نەھاجەت ساڭا.

بۇ توپلامنىڭ «تاللانغان شېئىرلار» دېگەن نامى
پەقەت بۇنىڭدىكى شېئىرلار باشقا شېئىرلىرىمغا نىسبەتەن
بىرقەدەر تۈزۈك دېگەن مەنىدىلا ئىگە.

توپلامنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بىرقىسىم
شېئىرلارنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتە بىرئاز تۈزەتتىم،
تەھرىرلىك تەلىۋىدىن ئۆزگەرتىلگەن بەزى جايلارنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ قويدۇم.

1985 - يىل فېۋرال

لىمى. هالدا يۇلۇۋېلىنغان ئىنقىلاۋىي ئىبارىلەر ۋە تەنتەنىلىك
چاقىرىقلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى، زورلاپ تېڭىلغان زاكازچىلىق
بېسىمى ۋە كالتەكچىلىك ۋەھىمىسى ئالدىدا «سول» چىل-
لىقنىڭ پەيدىگە چۈشمەيدىغان مۇقاملىرىغا دوست تارتىمىش
شېئىرىيىتىمىزنى ئاز خۇنۇكلەشتۇرمىدى. مەنمۇ شۇنداق دوست
تارتىشتىن خالى بولالمىدىم. دېمەك، مېنىڭ قىرىق يىللىق
ئەدەبىي پائالىيەت يولۇمدا خەلق ياقتۇرىدىغان ئىزلىرىممۇ
بار، بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ خوشالمەن، شۇنىڭدەك خەلق
ياقتۇرمايدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەن.
پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى توغرا
ئىزغا چۈشتى. «سول» چىللىقنىڭ كاساپىتىدىن بولۇپمۇ
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دېگەن ئاپەت دەستىدىن مۇجۇلغان
يۈرەكلەر قايتا ياشاردى، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوت-
سىيالىستىك ئەدەبىياتىمۇ قايتىدىن جانلىنىپ، جوش ئۇرۇپ
تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. جۈملىدىن مەنمۇ يېڭى هاياتىي
كۈچكە ئىگە بولدۇم، بولۇپمۇ «سول» چىللىق دېگەن روھىي
كىشەندىن ئازات بولغىنىمىزنى چىنلىقتا، سەنئەتكە سادىق
بولۇشنىڭ خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋاپكار بولۇشنىڭ
نىمە ئىكەنلىكىنى يېڭىۋاشتىن ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشىنىشكە
باشلاپ، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىش غەيرىتىم ئۆستى، ئۈمىدىم
كۈچەيدى، ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ، تۇرمۇش
پاكىتلىرىدىن بىۋاستە هاسىل قىلغان شېئىرىي ھېسسىياتلىرىم
ئارقىلىق دەۋر ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا چامىمنىڭ يې-
تىشىچە جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتىم. لېكىن ھوسۇلۇم يەنىلا جاما-
ئەتچىلىكنى رازى قىلىشتىن يىراق.

# شېئىرلار

## جەڭچى ئاكامغا

بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،
كومىسسىيە كىچىك دېدى يېشىمنى.
ئۆسكەن بولىيا بويۇم يەنە بىر غېرىچ،
فرونتلاردا كۆرسەتەتتىم كۈچۈمنى،

بىلەلمىدىم، كومىسسىيە دېگەنلەر
ئىرادىنى ئۆلچەمدىكىن ياش بىلەن.
ئالغان بولسا كىچىك دەپ يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن.

ئاڭلا ئاكا، بۇ يىل ئۆستى بويۇمۇ،
ھېچ گۇمانسىز ئەسكەرلىككە يارايمەن.
پات ئارىدا بېرىپ سېنىڭ قېشىڭغا،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن، ھارمايمەن.

1945 - يىل قورغاس

# جانان ئۈچۈن

ياش ۋۇجۇدۇمدا مۇھەببەت ياندى، جانان، سەن ئۈچۈن،
ئاتىدىم بارىمنى، ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيگەن ئۈچۈن.
سەن ئۈچۈن كۆيسەم مۇبادا ئوتتا تارتىپ مىڭ ئازاپ،
مېنى دوزاق ئوتى كۆيدۈرمەس، قاچار بەلكىم ئۇزاپ.
سېنى دەپ سۇدا ئېقىپ ئۆلسەم تۈمەن كۈلپەت كۆرۈپ،
تىرىلىپ كەۋسەر ئىچىدە ئۈزدىمەن لەززەت سۈرۈپ.
جەسەدىم ياتمىسا ھېچ جايدا، شۇ تۇپراقتىن بۆلەك،
شۇ ماڭا جەننەت ئەمەسمۇ، ئۆزگە جەننەت نە كېرەك.
ياق، ئۆلۈمنى خالىمايمەن، ماڭا قىممەتتۇر ھايات،
شۇ ھاياتنى مەنىسىز ئۆتكۈزسەم، ئالدىڭدا ئۇيات.
ئارمىنىم يوق، بار جاپانى بىللە كۆرسەم سەن بىلەن،
ھە، يېڭىشنىڭ بايرىمىدا بىللە كۈلسەم سەن بىلەن.

1946 - يىل قورغاس

# گۈلۈمگە

ھەي گۈلۈم، سىزنى ساقلاپ تۇرايمۇ،
شىرىن ئۇيقۇغا تويۇپ ـ قانغىچە.
مەنزىلگە يېتەر سەھەر ماڭغانلار،
سىز كۆزنى ئېچىپ بىر تولغانغىچە.
ئالدىرىمايسىزغۇ، بىرۋاق ئۆتىدۇ
سىز قاشقا قاچان ھوسما قويغىچە.
ئەنە، مەرىپەت سىزنىمۇ كۈتەر،
ھە، چاپسان يېتىڭ، باش قاتۇرغىچە.
پۇرسەتمۇ يەتتى، چوڭ قەدەم تاشلاڭ،
ساقلىماس ۋاقىت «مانا ... » دېگىچە.
پارلاق، بەختلىك جەمىيەت بېغى
ئېچىلماس كۈلۈپ، سىز بارمىغىچە.
مەنمۇ ھەمنەپەس سىزگە ئەي گۈلۈم،
بۇ يولدا جاندىن جۇدا بولغىچە.
سادىغىسى كەتسۇن سىزگە بۇ جاننىڭ،
ئارتۇق دەرت چېكىپ، غەم يېمەك ئانچە.
گۈلۈم، تېز بولۇڭ، بىللە يېتەيلى
شانلىق خىزمەتكە گۈدۈك چالغىچە.
بۇ خىزمەت مەڭگۈ بەخت خىزمىتى،
ھارمايلى، يۇرتنى ئاۋات قىلغىچە.
كۈتكەن زاماندا يېتىپ ئارمانغا،
خوشال كۈلگەيمىز يۈرەك قانغىچە.

1947 - يىل 10 - ئاپرېل، قورغاس

## قىش كەتتى

تىلەتىدىن قار ياققان،
ئايىغىغا مۇز تاققان،
پۇركۈپ سوغاق دېمىنى،
خۇددى چاياندەك چاققان —
شەپقەتى يوق سەپرا قىش
سېزىپ يازنىڭ دېمىنى،
قاچتى ئەمدى دىگگاكلاپ،
تۆكۈپ سوغاق يېشىنى.
قېرىپ قالدى ئاۋاق قىش،
تېنىدە يوق قۇۋۋىتى.
ئۇچتى باھار شامىلى،
كەلمەكتە ياز نۆۋىتى.
«قىشنىڭ كەينى ياز» دىگەن —
كونىلاردا ماقال بار.
ئالدىرىمايلى سەيلىگە،
ئالدىمىزدا دوقال بار.

1947 - يىل، قورغاس

## كۆكلەم جىلۋىسى

گۈر - گۈر ئۇچقان كۆكلەم شامىلى،
تەبىئەتنى ئويغىتىپ،
جىلۋە قىلىپ يەنە كەلدىڭلار.
ھەيدىۋېتىپ قىش - زىمىستاننى،
گۈزەللىككە ئوراپ جاھاننى،
زەپمۇ ئىللىق قۇچاق يايدىڭلار.

كۆكلەم شامىلى،
ئۇچقىنىڭلارنى سېزىپ
ئۇيقۇنى بۇزۇپ
بېزەنمەكتە باغلار، ئېتىزلار،
تاغلار، توقايلار.
دولقۇنلۇق سۇلارنى شاۋقۇن سالدۇرۇپ
ئۆزدۈردى باغرىدا ئۆستەڭلەر، سايلار.

ھەي، كۆكلەم شامىلى،
كۆمدۈڭلار تەبىئەتنى
زەپ ئىللىق پۇراقلارغا.
سىلەرگە ئەگىشىپ كەلگەن نەغمىچى —
باھار قۇشلىرى
چەرق ئۇرۇپ سايرايدۇ

قوتۇشۇپ بىخ سۈرگەن شاخلارغا.
ئەمگەك قىزىتىپ ئېتىزدا دىخان
ناخشا ئېيتقاندا
كېتىدۇ، هە، قانداق ئۇزاقلارغا!
پاھ، مۇنداق ناخشىلار
نىمە دىگەن يېقىملىق
ئاڭلىنىدۇ قۇلاقلارغا...

هەي كۆكلەم جىلۋىسى،
بولساڭلارمۇ قانچە يېقىملىق،
قالدۇرساڭلارمۇ ئادەمنى هاڭ - تاڭ.
بىراق سىلەر تەبىئەتتىلا
هەر يىل ئۈچۈن بىر قېتىملىق تاڭ.

شۇڭا سىلەر مېنىڭ كۆڭلۈمگە
تولۇق ئارام بولالمايسىلەر.
مىڭ ناخشا ئېيتىپ،
ئۇسۇل ئويناپمۇ
بەختىمنى تازا ئاچالمايسىلەر.
ئىنسانىيەتنىڭ سائادەت تېڭى
مېنىڭ مۇرادىم،
ئاھ،
يېتىشكەندە ئاشۇ تاڭغا مەن،
مېنىڭ پۈتمەس خوشال ناخشامنى
ئاندىن راسا ئاڭلايسىلەر.

1948 - يىل مارت، قورغاس

# يارات

ئەي كۆرەش، قوينۇڭدا تاۋلاپ، يەڭگۈچى مەردانلار يارات،
ئاغدۇرۇپ غەپلەتنى، دىللاردا ئۇلۇغ ئاڭلار يارات،
زور نىشانلار كۆزلىگەن مەقسەتكە ئىمكانلار يارات،
قان تۆكۈپ ئالغان زەپەرگە زور شەرەپ - شانلار يارات،
سۇر قارا تۈن دەھشىتىنى، ھۆر ئازات تاڭلار يارات.

جۇت زىمىستان دەھشىتىدىن قانچە بوستانلار خاراپ،
قانچە يۇتداشلار زۇلۇم قىستاڭىدا چەكتى ئازاپ،
رەھىمسىز «ئالىجاناپ»لار، ئەجرىسىز، بۇلاپ - تالاپ،
ئەلنى قىلدى بىمادار يالماۋۇزدەك قان شوراپ،
قالمىدى تاقەت بۇ تەندە، ھەقىقى دەۋرانلار يارات.

دەرتتە يەنچىلگەن يۇرەكتە قالمىدى زەردە چىداش،
ئاھۇ، ۋاي - داتلار بىلەن كەتمەيدۇ كۆزدىن زادى ياش،
مەيلى، دەيدۇ دىل غەزەپتە، ۋەسلى ئىزلەپ كەتسە باش،
خار ھاياتنىڭ لازىمى يوق، چاچمىسا نۇرىن قۇياش،
نۇرغا چۆمگەن ياپ - يېشىللىق باغۇ - بوستانلار يارات.

ۋادەرىخ، ئۆز يۇرتىدا خار - زار بولۇش بەك ئار ئىكەن،
قانچە ئورۇنغانسىرى ئالەم ساڭا بەك تار ئىكەن،
تۆلكىلەرنىڭ ئەھدى چىن دەپ ئىشىنىش بىكار ئىكەن،

بەس، كۈرەش دەپ جاننى ئاتساڭ، ساڭا ھۆرلۈك يار ئىكەن،
تامچە قانلار ئەجرىگە رەڭدار گۈلىستانلار يارات.

چىقمىدى ئەستىن پەقەتلا ئوق يىلاندەك قامچىلار،
يەنە ئۇنىڭ دەھشىتىدىن ئىڭرىماقتا قانچىلار،
قانچە داملار قۇردى يولغا شۇم نىيەتلىك دامچىلار،
ئۆزى چۈشسۇن ئۆزى قۇرغان دامغا ئالدامچىلار،
دامچى ھەم داملارنى چەيلەپ، بەختەر يوللار يارات.

بىزدىكى ئىشقى - مۇھەببەت ساختىدىن پاك، بەخۇبار،
بىزدىكى ئارزۇ - ئۇمىتلەر — مەڭگۈلۈك ھۆرلۈك باھار،
چىقمىغاي ئارمانىمىز ئەل - يۇرتنى قىلماي بەختىيار،
ھۆر - ئادالەت مەنزىلىگە كۆڭلىمىز پەك ئىنتىزار،
سۆر ئەلەملەرنى كۈرەش، شادۇ - خەندانلار يارات.

ياشنىسۇن بىردەك ئېلىدە ھۆر - ئازاتلىق گۈللىرى،
سايرىسۇن ئەركىن ئۇچۇپ قەپەزدىكى بۇلبۇللىرى،
ئېچىلىپ شاتلىققا تولسۇن مىليون بوزەكلەر دىللىرى،
ئەجرىمىزگە يوللىسۇن شان ھەر كۈرەشچان يىللىرى،
باغرى تاش دۈشمەن دىلىدا مىڭ پۇشايمانلار يارات.

تېز يوقالسۇن بۇ ئېلىمدىن شۇم، بۇزۇق شەرمەندىلەر،
ھۆر - ئازات بولسۇن زۇلۇم زىندانىدىكى بەندىلەر،
ئال قەلەمنى جۈرئەتتە، دۈشمەنگە يوللا زەربىلەر،
شۇ چېلىش پەللىسىدە كۈتمەكتە بىزنى غەلبىلەر،
غەلبىلەرنىڭ تارىخىدىن يېڭى داستانلار يارات.

1948 - يىل مارت، قورغاس

## ئاداققى سۆزۈم

تاك بۇلىغىدىن ئىچسەك شاراپ دەپ،
يانغاچقا كۆڭۈلدە ئۈممەت يالقۇنى،
ئاتتۇق ئۆزىمىزنى چېلىش قوينىغا
بولمايمىز ئەمدى دەپ زۇلمەت تۇتقۇنى.

قىپ - قىزىل قانلارنى سەلدەك ئېقىتتۇق،
دەشتلەرنىڭ باغرىنى گۈل قىلماق بولۇپ.
جۇدۇنلار لەشكىرىنى ئۇرۇپ يىقىتتۇق،
باھار قۇياشىدىن نۇر ئالماق بولۇپ.

ئارزۇمىز دۇنيادا مەڭگۈلۈك باھار،
تىلىشىمىز ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىزلەپ.
بىز نىچۈن ھەر نەپەس بولمايلى ھوشيار،
تۇرسا تۈن كۈندۈزنى قاپلاشنى كۆزلەپ.

قانداق ئوراپ ئالسۇن خىجالەت بىزنى،
ئۆسۈۋاتسا دىلدا چېلىش تۈيغۇسى.
قانداق بوزەك قىلسۇن جاھالەت بىزنى،
بولمىسا كۆزىمىزدە غەپلەت ئۇيقۇسى.

چەكمەيمىز نادامەت، ئەنە كۈلمەكتە
بەخت دىلبەرلىرى كۆكسىنى كېرىپ.

ئەنە سۆزۈك مەقسەت چاڭنى سۈرمەكتە،
قۇياش خۇش كۈلمەكتە ئۈپۈقنى يېرىپ.

مەنمۇ چىنىقىشنىڭ چوڭ قاينىمىدا،
جەڭگىۋار بوۋايلار باسقان ئىزدا مەن.
قىلچە قىڭغىرلىق يوق نىيەت ئايىغىدا،
ھەلىمۇ شۇ — باشتا قالغان سۆزدە مەن.

جان ۋەتەنگە بەرگەن ئوتلۇق قەسىمىم
يالقۇنلۇق يۈرىگىمدە مەڭگۈگە يانار.
ئۆلۈپ كەتسەم، مەيلى، قالىدۇ ئىسمىم،
قەۋرەم ئۈستىدە گۈللەر ئېچىلار.

ئاداقتى سۆزۈم شۇ، ئاڭلا خالايىق.
بۇ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر، چىن سىرى.
ئەركىنلىك، ھۆرلۈك كىملەرگە لايىق،
تەلەپ قىلسۇن ئەجرىنى ماڭلاي تەرى!

1948 - يىل ئاپرېل، قورغاس

## كۆرەش

تىرەجەپ ماڭمىغان بېزەڭ ھاياتنىڭ
قېنىنى شورايدۇ رودۇپاي زامان.
كۆرەشچان ھاياتقا ئازاتلىق ئامراق،
كۆرەشسىز ھاياتنى قىستايدۇ جاھان.

كۆرەشسىز ھايات مەنىدىن يىراق،
مەنە غەزنىسى پەقەت كۆرەشتە.
تۇرمۇشنى كۆرەش يۈكسەلدۈرمىسە،
كېتىدۇ ئۇ چۈشۈپ قاراڭغۇ پەسكە.

غۇلجا ئۆكتەبىر، يىل - 1948

## لۇتپۇللاغا

مەيداندا سىنالغان بىر مەرت ئىدىڭ سەن،
تەڭسىز زامان بىلەن قىلدىڭ كۆپ چېلىش.
كېچە - كۈندۈز دىلدا دەر ئىدىڭ: «ۋەتەن»،
بىراق دۈشمەن كۆڭلۈڭنى قىلمىدى تىنچ.

ھەق توغى يەلپۈلدىگەن مەنزىلنى كۆزلەپ،
چاڭقاپ ماڭاتتىڭ چۆلدە - قاقاستا.
ھەر مۈشكۈللۈككە كۆكسۈڭنى كەردىڭ،
ئىرادەڭ شۇنچىلىك چىڭ ئىدى باشتا.

بىر ئارسلان ئىدىڭ، يۈرىكىڭ تاغدەك،
يان - يېنىڭنى ئورىغان سانسىز ئالۋاستى.
قانخور قارا دىللار، رەھىمسىز يىللار
قىلماقچى ئىدى سېنى ئاياق ئاستى.

قايسى كېچىلەر ئۇ ساڭا ۋاپاسىز،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى ھەسرەت، دات بىلەن.
زۇلمەت قۇشى دائىم بېشىڭدا ئۇچۇپ،
ئايىماي ئۇرۇپ كېتەتتى قانات بىلەن.

ئاھ، ئاشۇ جاللاتلار يالماۋۇز كەبى
ساڭا كۆز ئالايتىپ، ئېغىز ھىجايتىپ،

ئاقلىماقچى ئۆز يىرتقۇچلۇغىنى،
پاك ۋۇجۇدۇڭغا جىنايەت ئارتىپ.

قانخورلار سېنى ئوۋلاپ، سېنى قاپساپ،
ئاقىۋەت چۇشۇردى زەنجىر - تۇزاققا.
رەھىمسىز يىللارنىڭ قىسمىشى بىلەن.
ئۆمرۈڭ بارالمىدى ئانچە ئۇزاققا.

قاتىللار قىلىچى چاپتى بېشىڭنى،
ئويلىدىمۇ ئۇلار سېنى ئەۋلاتسىز.
ئۇنتۇمايدۇ سېنى ۋەتەنداشلىرىڭ
ھەم قىساس قۇشى ئەمەس قاناتسىز.

1948 - يىل، قورغاس

## كۆت مېنى

ئەي مېنىڭ جانانە يارىم، كۆت مېنى،
ئامرىغىم، كۆزى خۇمارىم، كۆت مېنى.
يوللىرىمغا ئىنتىزارىم، كۆت مېنى،
ساڭا يەتمەكتۇر قارارىم، كۆت مېنى.

ئاسمىنىڭدا ئۈيىنىسمۇ شۇم بۇلۇت،
باغلىرىڭدا قۇترىسىمۇ ۋەھشى جۇت،
ئۆپچۆرەڭدە كۆيسىمۇ دەھشەتلىك ئوت،
قورقمىغىن ھەرگىز نىگارىم، كۆت مېنى.

چىن يۈرەكتىن چىقتى ئۇشبۇ يازغىنىم،
يوق مېنىڭ ھەرگىز يولۇمدىن ئازغىنىم،
ئۇنتۇما پەرھات بولۇپ تاغ قازغىنىم،
ھېلىمۇ بار شۇ مادارىم، كۆت مېنى.

ھېلىگەرلەر ئاشكۆكىنى سەپسەمۇ،
ياسىمىن جادۇ كەبى گەپ تاپسىمۇ،
«ئاشىقىڭ يوق ئەمدى» دەپ پال ئاچسىمۇ،
ھېچ گۇمانسىزدۇر بارارىم، كۆت مېنى.

خام سانايدۇ شۇم رەقىپ چۆچۈرىنى،
ئەسلىتەر قورشاۋدا قالغان بۆرىنى.

سەنىڭ كۆرگەنسەن شۇ تامدەك تۇرقىنى،
كۆرسىمۇ تەييار ئۇلارنىڭ. كۈت مېنى.

مەن تەرەپكە قارىغىن، چولپانغا باق،
كۈنچىقىش ياقتىن ئاقارمىش تاڭغا باق،
شۇم رەقىپلەر چۆچۈگەن چۇقانغا باق،
يالتىرايدۇ زۇلپىقارىم، كۈت مېنى.

مەن بارارمەن پات يېقىندا يول ئېلىپ،
ئەلگە تونۇش غەلبە سازىنى چېلىپ،
چىقسەن ئالدىمغا سەنىڭ قول سېلىپ،
توي قىلار ھېيتكا بازارىم، كۈت مېنى.

شۇندا باغرىمغا سېنى چىڭ تاڭمىسام،
شۇم رەقىپتىن ئىنتىقاملار ئالمىسام.
ئىككى يۈزلۈكلەرنى داغدا قويمىسام،
چىقمىغاي زادى خۇمارىم، كۈت مېنى.

1948 - يىل دېكابىر، غۇلجا

## لېنىن ئۆلمەيدۇ

لېنىن ئۇلۇغ، لېنىن بۈيۈك، لېنىن بىر يالقۇن،
ئۇنىڭ يولى تەڭسىزلىكنى يانغىنىغا كۆمدى.
ئابىھايات يارىتتى لېنىن تەلىمى،
مەزلۇم ئەللەر تەڭلىك ئىزلەپ شۇنىڭغا چۆمدى.

لېنىن ئىزلەپ كىشىلىكنىڭ دەردىگە داۋا،
بەرپا قىلدى ھاياتلىقنىڭ يېڭى دەۋرىنى.
لېنىن ئىزلەپ شۇ دۇنيادا ھاياتقا مەنا،
تەتۈرلۈكنىڭ، تەڭسىزلىكنىڭ قازدى قەۋرىنى.

جاكالىدى لېنىن ئوقۇپ تارىخ ھۆكمىنى:
ئازاتلىقنىڭ دەۋرى كەلدى، زۇلۇمەت قېرىدى!
ئەنە، يامراپ يەر - جاھاندا كۈرەش تاشقىنى،
ئەجەل چىرىك تەڭسىزلىكنى گۆرگە سۆرىدى.

— لېنىن ئۆلدى.
— ئىشەنمەيمەن لېنىن ئۆلمەيدۇ.
چۈنكى ئۇنىڭ تەلىمى ياشاۋاتىدۇ.
ئېزىلگەنلەر كۈرەش قىلىپ لېنىن يولىدا
ئەرك بېغىنى گۈللەندۈرۈپ ياساۋاتىدۇ.

ئەنە دۇنيانى تىترەتكەن كۈرەش لەرزىسى،
ئۇلۇغ لېنىن يولى بىلەن ئىلھاملىنىدۇ.
يېڭى دۇنيا توسالغۇسى، زۇلمەت غەلۋىسى
لېنىن يولى يېڭىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

لېنىن دېگەن ئۇلۇغ نامنىڭ غۇرۇرى چەكسىز،
زۇلمەت تەختى ئۈچۈن ئۇنىڭ دەھشىتى شۇنچە.
لېنىن تۇغى يەلپۈللەيدۇ ئالەمدە شەكسىز،
يىراق ئەمەس شۇ كۈنلەرنىڭ ۋىسالى ئانچە.

1949- يىلى، يانۋار

## تاڭمۇ يېقىن

كۈنلەر، ئايلار، يىللار، ئەسىرلەر
ئۆتۈپ كۆزدىن بولىدۇ غايىپ.
بەزى ئۆمۈرلەر كۈلۈپ ئۆتۈپتۇ،
بەزىلىرى رەنجىشىپ ـ كايىپ.

هاياتلىقتا ئېزىش ـ ئېزىلىش
تارىخنىڭ مۇتلەق قانۇنى ئەمەس.
قېرى دۇنيا مۆكچىيىپ قالدى،
ئۇزاقلارغا بارالمايدۇ، بەس.

ئۇلۇغ تەۋرەش دەۋرىمىزگە خاس،
ئۇ تەڭلىككە بېرىدۇ نۆۋەت.
ئەرك ئىزلەپ قايىنىغان هايات
كۆرەش بىلەن تاپىدۇ قۇۋۋەت.

مەزلۇملارنىڭ «ئۇررا» لىرىدىن
يورۇماقتا ئەرك تاڭلىرى.
تاڭنى ئارتقا قايتۇرالمايدۇ
قارا زۇلمەت بۇلۇت ـ چاڭلىرى.

1949 - يىل فېۋرال، غۇلجا.

## بىزنىڭ ناخشىمىز

دەۋرنىڭ ئوتلۇق قاينىمى
قىچقىردۇ قوينىغا
يۈرەگى توم مەرتلەرنى.
يازغۇم كېلىدۇ
شۇ قاينامنىڭ قوينىدا
يالقۇنلۇق بېيىتلارنى.

ئەنە،
كەڭ مەيداننى يېرىپ ماڭىدۇ
ئۇزاقنى كۆزلىگەن بىزنىڭ سېپىمىز،
ئېيتىدۇ ناخشىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ،
تېيىلماس ئاياقلار چامدايدۇ گۈس - گۈس،
هەر چامدامدا زەپەر ئۈندۈرۈپ.
سانسىز دوستلارنى خوشال قىلىدۇ.
تېخى ئېيتىشقا بولمايدىغان
قايناق ئۈمىتلەرنىڭ
دولقۇنغا چۆمدۈرۈپ.

ئۇزاقتىن بېرى
بۇ كوچىلار ئۆز باغرىدا

ھېچ كۆرمىگەن بۇنداق يورۇشنى.
ئاڭلىمىغان بۇنداق ناخشىنى ھەتتا.
دەۋرنى لەرزىگە سالغان
بۇنداق يورۇشلەر
قالدۇ ئوتلۇق ئىز بولۇپ ئارتتا.

بىز بېسىپ ئۆتمىگەن يوللار خېلى جىق،
تېخى ئېيتمىغان ناخشىمۇ شۇنچە.
ھەر ناخشىلارنى ئېيتىمىز تېخى،
بوش چاغلىماڭلار ئېيتىشنى ئانچە.
بۇ ناخشىلارنى ئېيتالىماي،
قانچىلا قۇرۇق غىڭشىپ يۈرەر تېخى.
شۇنداق مەرتلەر ئېيتىدۇ ئۇنى
چۈشىمىسە قولىدىن
يىراقنى كۆزلىگەن يورۇشنىڭ تۇغى.

بىز مەيدىمىزگە ئۇرۇپ،
مەيدانغا چىققان جەڭگىۋار،
قۇرۇق ماختىنىش بىزدىن ئۇزاقتا.
دىللار بەنت بولۇپ قالمايدۇ ھەرگىز،
غەپلەت قۇرغان تۇزاقتا.
كۆرەش زوقى
يالقۇنجايدۇ لاۋۇلداپ
بىزلەر ئېيتقان باتۇر قوشاقتا.

ئەتە- ئۆگۈن بولمز بز
سۈزۈك تاڭلارنڭ قويندا؛
ھەر يېڭى ناخشلارنى
تېخمۇ جاراڭلق قلپ ئېيتمز
ئەنە شۇ ۋاقتتا.

۱۹٤۹- يل ئاپرېل. غۇلجا

# تاك ناخشىسى

ناخشىنى ئېيتسام ئۇزاقتىن ياڭرىتىپ،
سىلكىنىپ تۇردۇڭ ـ دە، قالدىڭ داڭقېتىپ.
سۆيگىنىڭنى ئەزلىدىڭ جىلۋەك بىلەن،
چاچلىرىڭنى ئويىنىتىپ، پۇلاڭلىتىپ.
كۆزلىرىڭنى چوك ئېچىپ، كۆككە بېقىپ
قارىساڭ، هە. قاپتىدكەنخۇ تاك ئېتىپ.
بىر ئۇمىت تەپتى، دىلىڭدا ئوت يېنىپ،
ئېيتقىنا. دىدىڭ يەنە چىلك ئاڭلىتىپ.
هەم دىدىڭ: ئېيتقىن، ئەجەپ شوخ ناخشىكەن،
پارلىدى ئۈمىت ـ ئەشەنچىم، غەم كېتىپ.
مەن دىدىم: بۇ ياڭرىغان تاك ناخشىسى
جانلىتار جانلارنى جانغا جان قېتىپ.
كەل جېنىم، تەك ئېيتلى بۇ ناخشىنى،
قورقۇنۇش، تەشۋىشنى دىلدىن ئىرغىتىپ.
ئىنتىلايلى تاك سىرى زوق ـ شوخ بىلەن،
شۇم جاھالەت ئەھلىنى زار يىغلىتىپ.

1949-يىل، ئاپرېل

# كېلىچەككە سالام

ئازاتلىق دەپ تۇرۇپ يەڭنى،
تىزىلدۇق جەڭگىۋار سەپكە.
يورۇق مەنزىلنى كۆردۇق بىز
نەزەر تاشلاپ كېلىچەككە.

كېلىچەك شۇنچىلىك كۆركەم،
ئورالغان باغۇ- بوستانغا.
ئېچىلغاندۇر ئىشىكلەر كەڭ
هالال تەر تۆككەن ئىنسانغا.

بارالمايدۇ، كىرەلمەيدۇ
بۇ باغلارغا تېرىكتاپلار.
ئۇنىڭ شېرىن هۇزۇرىنى
كۆرەر مەردانە پەرهاتلار.

سالام بىزدىن كېلىچەككە،
سالام مەنزىلگە كارۋاندىن!
سالام شېرىنغا پەرهاتتىن،
سالام ئاپتاپقا چولپاندىن

1949- يىلى، غۇلجا

# ئىشەنچ

كۆڭلىمىز قېتىدا مەغرۇر بىر ئىشەنچ،
ئۇ، گۇمان، غەشلىكتىن خالى ھەم تازا.
قىيىق ئەسكى دۇنيا قىلمىشى بىلەن
كېيمەكتە بېشىغا قاپ - قارا قازا.

غەشلىك قارا تۈنلەر دىلنى غىلغىتقان
سوغاق قوشۇمنى ئاچماستىن تالاي،
بىز ھامان ئىشەنچنى ساقلاپ كەلگەنمىز،
ئەمدى كارامەتنى كۆرىمىز، ئايھاي.

ئەمدى ھاياتلىقنىڭ ئۆزگۈر - غارلىرى
كۈرەش مەشئىلىدە يورۇدى تاڭدەك.
بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئىشەنچ ئۇلغايتىپ،
باھار ئاپتىۋىدەك كۈلدى كېلچەك.

شۇملۇقتا قېيىننى ئاچماقتا ئەجەل،
دولقۇنلار ئەخلەتنى قىرغاقتا ئۇردى.
ئەنە، شۈبھىلارنىڭ قىزىل قىيىندىن
چوغدەك چېچەكلەر يانغىلى تۇردى.

ئەرك چۇقانلىرى ياڭرىغانسېرى
ئەنسىز خوجايىنلار ئۆيىدە ماتەم.

كۆلىدۇ بوزەكلەر بەخت - تەلىيى
ۋە كىرىدۇ بىتەم غىزاسىغا تەم.

ئۇچۇقىدۇ ئەمدى زەھەر زىمىستان،
ھاياتلىق بېغىمىز قۇچىدۇ باھار.
ئەپلەت تىلسىمىدىن قۇتۇلغان ئىنسان
قارا نىيەتلەردىن تارتمايدۇ ئازار.

قېمۇرۇلۇپ زۇلمەتنىڭ چىرىك تەختلىرى
ئەركسىز قامقاقتەك تېنەيدۇ دەشتتە.
ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى قۇچقان ساپ كۆڭۈل
بەخت تاڭلىرىغا باغلىدى رىشتە.

ئەشەنچلەر تىكىلگەن شانلىق كېلەچەك
كېلىدۇ، بىزنى بەخت قۇچىدۇ چوقۇم.
يۇمىدۇ كۆزىنى ھەسرەت ۋە ئەلەم،
تىنىدۇ ئاخىرقى تىنىقنى زۇلۇم.

بىر كۈنلەر كېلىدۇ، ئەشەنگەن دوستلار،
جىسمىكى شۇملۇقلار كىرىدۇ گۆرگە.
شۇندا چىن قەدرىنى تاپىدۇ ئادەم،
بەخت بەخشەن بولۇپ بىزنىڭ ئۆمۈرگە.

1949-يىل سېنتەبىر، غۇلجا

## ماتەم

ئاھ!...
ئۆلۈمنىڭ ئەگەر كۆزى بولسىدى،
باغرى ئېزىلگەن،
ئەدەبلەتىن ھاياتىنىڭ تېڭى سۈزۈلگەن،
نۇرغا قانمىغان ئەل غۇرۇرىغا
سالامدۇ چاڭگال؟!
تۇفى!
شورى قۇرۇسۇن قارا ئۆلۈمنىڭ!
ئارامىنى بۇزۇپ كۆڭلۈمنىڭ
كەلگەن ئېغىر شۇملۇق خەۋەرنى
قايسى قۇلاق بىلەن ئاڭلايدىكەنمەن،
قايسى تىلىم بىلەن سۆزلەي بۇ دەرتنى؟!
ئاھ! ئېغىر قايغۇ،
ئاھ! ئېغىر ئەھۋال...

كۆرەش يوللىرىنىڭ مۇشكۇللىرىنى
كۆرەشچان خەلق بىلەن بىللە تەڭ تارتقان
دانا ئوغلانلارنى يۇتتى بۇ ئۆلۈم.
بۇ ئۆلكىنىڭ دەرتلىك كۆكسىگە
قايغۇ،
ماتەم ئوتلىرىنى ياقتى بۇ ئۆلۈم.

ھەي،
ئاچچىق دەرتلەرنى
ئېزىلگەن باغرىغا سىڭدۈرگەن ئۆلكە،
بىراق،
سىڭدۈرالامسەن بۈگۈنكى غەمنى؟!
تارتىپ باقمىدىڭ بۇنداق ئەلەمنى؟!
سەن يوقاتتىڭ
يېگى تارىخىڭنىڭ ماختىنىشىنى.
سەن يۈتتۈردۈڭ
ئەخمەتجاندەك ئىسىل ئادەمنى...

سىلكىندى ۋۇجۇت،
تېپچەكلىدى دىل،
گويا تىتقاندەك يۈرەككە بىگىز.
ئەگەر يىغا بىلەن ئۇجۇقسا ماتەم،
بىز بۈگۈن ياش بىلەن
ياسايتتۇق دېڭىز...

ئۆلدى دېمەڭلار،
ئۆلدى دېمەڭلار،
ئىسىل ئوغلانلارنى ئۆلدى دېمەڭلار!
قىزىل چوغدەك يېنىپ قالدى
ئۇلارنىڭ باسقان پارلاق ئىزلىرى.
ئەنە،
قۇلىقىمىز تۈۋىدە ياڭراۋاتىدۇ
ئۇلارنىڭ
مۇنبەردە تۇرۇپ
بىزگە جېكىگەن ئوتلۇق سۆزلىرى.

ۋاقىراڭلار، دوستلار،
ئۇلارنىڭ ھايات شوئارلىرىنى،
«بىزگە ياراشقايمۇ
كۆز ياش ئاققۇزۇش؟»
ھەددى ئەمەس ئۆلۈمنىڭ
ئەزىز ئىستەك گۈلشىنىنى
چەيلەپ ياتقۇزۇش!...

دوستلار، ئاتلاڭلار
شانلىق غەلىبىگە
ئۇلارنىڭ پارلاق ئىزىدىن مېڭىپ.
ساقلاڭلار، كۈرەشچان ۋەسىيىتىنى
يۈرەككە تېڭىپ،
يۈرەككە تېڭىپ!
ئۇلارنىڭ روھىغا شەرەپ ياغدۇ
كىشىلىك دۈشمىنىنى چىقىساق بىز يېڭىپ.

1949- يىل 2-نويابىر، غۇلجا

## خىتابىم

دېمى ئۆچسۇن قۇرۇق گەپلەرنىڭ،
غادايغاق مەمەدانلار ئۆجۇقسۇن ئەمدى.
دەرتمەنلەرنىڭ كۆرەش كارابى
هايات دېڭىزىدا
ئۆز كارامىتىنى تونۇتسۇن ئەمدى.

مانا،
سۆزۈك تاڭلاردىن تاپتۇق بىز دېرەك،
تېپچەكلەيدۇ ئىچىمىزگە سىغماستىن يۈرەك.
بىزگە
رەڭۋاز،
پىتنەخور ناتىقلار ئەمەس،
چىن قەدىردان سادىقلار كېرەك.

ئاز تارتىمدۇق،
ئاز تارتىمدۇق،
دوستلار، بۇ دەرتنى.
بىز قان بىلەن يۇيغان يېڭى يوللاردا
ئەمدى تۇرغۇزالمايمىز نىجىس ئەخلەتنى.
ئىردىكتاپلارغا تىزگىن تۇتقۇزۇپ،
تارتىشقا ئورۇن يوق پۇشمان-ھەسرەتنى.

ئىپلاس لاتقىلا
لەيلەپ يۈرگەن بەتبۇي كۆپۈكلەر
ھاياتىمىز دېڭىزىدا ئۈزمىسۇن ئەمدى.
ھارامتاماقلار
نەپسى چەكسىز، ئىنساۋى يوقلار
يوقسۇللارنىڭ ھالال رىسقىغا
چاڭگىلىنى سوزمىسۇن ئەمدى.

ھالال مېھنەتتە
پارقىرىغان ئەزىز پېشانىلەرنى
ئۇن جېنى يوق ھېچكىمنىڭ تاق قىپ چېكىشىكە.
ئۇزۇندىن دۈشكەلەپ ئۆگەنگەن قىللار،
ھەددىڭلار يوق
ئەمدى ئۇلارنى نوقۇپ سەتلەشكە.
كۆپتىن تۇرمۇشقا ئۆگەي كۆرۈنگەن،
خورلۇق تارتقان يالاڭ ئاياقلار
ئىشەنچلىك ئاتلاندى ئۇلۇغ كۈرەشكە.
ئەنە،

چىن ئىنسانلار بەختىگە تاڭ يورۇۋاتسا،
مەن مەغرۇر ناخشامنى ئېيتماي نېمىشقا؟!...

ئاگاھ بولۇڭ،
يەنە ئاشۇ تۆلكە مىجەزلەر
توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاپ
ئۆمۈر سۈرمىسۇن.

لاي - لاتقىلارنىڭ كەتتى نۆۋىتى،
ئۇلار يەنە ئاقمەن دەپ جىدەل قىلمىسۇن.

كىرىپ ئالمىسۇن گۈلشەنگە يەنە
لۈمشۈپ يۈرۈپ قۇرۇت-قوڭغۇزلار.
يېتەر شۇنچە ئايىغىنىمىز،
هەي شۇم غەرەز ئالدامچى دوستلار
قۇلاقلارنى ئاغرىتىپ
داراڭلىماڭلار كونا داسلار.
تويۇپ كەتكەن بىز،
تويۇپ كەتكەن بىز.
كىم بىلىدۇ،
سېپىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ
تېخى بىزگە مەسلەت كۆرسىتەر.
لېكىن ئۆزىنىڭ قاتىل كۆڭلىدە
بەختىمىزگە ئىزلەر زاۋاللىق.
تىمىسقىلاپ هەر بىر نەپەستە.
تارىختا مۇنداق ئىشلار خېلى جىق؛
ئەزىز دوستلار،
هەممە ساۋاقلارنى تۇتۇڭلار ئەستە.

تېشى يۇمشاق، ئىچى زەهەرنى
سۈيمەيدۇ ئەمدى
ئەلەم چەككەن،
زەرداپ بولغان،

خۇن بولغان يۈرەك.
بىزگە ئەمدى
دەردىمىزنى چوڭقۇر چۈشەنگەن،
دەرتنى تارتقان،
دەرتنى بىلگەن
باتۇرلار كېرەك.

1949-يىل نويابىر—دېكابىر، غۇلجا

## بۈگۈن

يېڭى كۆكلەم پەسلى كەلدى،
ياشنىدى ئەتراپ بۈگۈن.
باش كۆتەردى مايسىلارمۇ
ۋادىنى قاپلاپ بۈگۈن.

جانغا راھەت بەردى بۇلبۇل
زوق ئىلىپ سايراپ بۈگۈن.
غۇنچىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى
نەغمىنى ئاڭلاپ بۈگۈن.

ئەي گۈلۈم، سەنمۇ ئېچىل
بەرگىڭنى ياي يايراپ بۈگۈن.
گۈل ئۈچۈن بەخشەندە بولدى
مەڭگۈلۈك ئاپتاپ بۈگۈن.

1950 - يىل، غۇلجا

# ياشلىغىم

ياشلىغىم، ئۆزەڭگە قويما تەمەننا،
پاك ئەمەس ئىكەنسەن ئەيىپ - نۇقسانىدىن.
تەركىنىڭ - تاپقىنىڭ چاغلىق ئىكەنغۇ
كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ ئەنە بوخچاڭدىن.

قانچىلىك نەپ ئالدىڭ، قانچىلىك ئۈنۈم
بەڭۋاشلىق ئويۇندىن، خۇنۈك ئاخشامدىن؟
ئەل - يۇرتقا قانچىلىك بەدەل تۆلىدىڭ
شۇ كەمگە كەلگىچە يېگەن ئاش - ناندىن؟

يېڭى كۈن، يېڭى ئىش باشلاندى بۈگۈن،
يېڭىچە ئىش باشلا مۇشۇ باشلامدىن.
جەڭگىۋار ئىشلاردىن تاپقىن يېڭى كۈي
ئەل يېڭى نەپ ئالسۇن يېڭى ناخشاڭدىن.

1950 — 1957 - يىل

# توي

(دۆلەت بايرىمىنىڭ بىر يىللىغىغا بېغىشلاپ)

قىز بىلەن يىگىتنىڭ نىكا كۈنىنى
«توي» دەپ ئاتايدىكەن بۇرۇن-بۇرۇندىن.
بىراق، ئۇ ھەممىنىڭ شاتلىقى ئەمەس،
مۇراتقا يەتكەنلەر رازى بۇنىڭدىن.

تىڭشىغىن، مەن ھازىر باشقا بىر تويغا
يىگىتچە «ھاي يۆلەن» تارتقۇم كېلىدۇ.
يۈرەك شاتلىغىنى، بۇ تويغا ئاتاپ،
زىرقىنىپ قوشاقتا قاتقۇم كېلىدۇ.

نىمىشقا دىسەڭ، بۇ مىليونلار تويى،
مىليونلار مېھنىتى تۇغدى بۇ تويىنى.
دەل مانا شۇ كۈنى ئېچىلغان بىزگە،
بەخت دىلبىرىنىڭ مېھرىۋان قويىنى.

خېلى زامان بۇ بەخت تويىنىڭ
قىزدىق «بولىدۇ»سى ئۆتتى جەڭلەردە.
يوللارغا راسلىغان پاياندازىمىز
بويالغان مۇبارەك قىزىل رەڭلەردە.

ئېرىشتۇق بۇ تويغا جانپىدا قىلىپ،
ئاغدۇرۇپ قاتمۇ-قات جاپا تېغىنى.
زەپەرنىڭ سۈپ - سۈزۈك بۇلاقلىرىدا
يۇيۇپ ئادالىدۇق خورلۇق دېغىنى.

ئېسىمىزدە تېخى كۆلپەت يىللىرى،
ئەل قەلبى ئۆرتەنگەن، باغرى داغ ئىدى.
ئەمگەكچى دەپسەندە، كۆڭلى پەرىشان،
قانخور رودۇپاينىڭ كەيپى چاغ ئىدى.

ياندىن تۆرەلگەن يالماۋۇز بىلەن
ياتلارنىڭ ياۋۇزلۇق ئەلسى ئۆتۈپ،
ئىچىمىز زەردابقا تولۇپ كەتكەچكە،
ئاخىر «بەس!» دېدۇق سەۋرىمىز پۈتۈپ.

شۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ دەردىنى تارتقان
خەلقلەر ئىچىدىن چىقتى بىر سىنىپ.
ماياك بولدى سەپكە ئۇنىڭ يۇردگى
زۇلمەتنىڭ قوينىدا يالقۇندەك يېنىپ.

يەلپۈلدەپ ئۇچقاندا كۈرەش بايرىقى،
سەپ تۈزۈپ مىليونلار جەڭگە كىرىشتى.
شۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاق يول تىلىشىپ،
قېرىلار قولىنى پۇلاڭلىتىشتى.

شۇ قېرى قوللارنىڭ پۇلاڭلىشىدا
تارىخ ئىرادىسى قىلاتتى جەۋلان

جان بېرىپ ئۆلدىڭغا ماركس تەلىمى،
زۇلمەت ئەجىلىگە يېزىلدى پەرمان.

ئۆرتىدۇق شۇم تەختىنى كۆرەش ئوتىدا،
غەلىبىدىن يېڭى تارىخ باشلاندى.
تۈنۈگۈنكى سانسىز ھازىدار دەرتمەن
شادلىققا چۆمۈلۈپ، تويغا راسلاندى.

خوشاللىق نەغمىسى ياڭرايدۇ بۈگۈن
قەددىنى كۆتەرگەن ئەلنىڭ دىلىدىن.
پالاكەت دەشتىنىڭ ئاۋارىلىرى
قىستۇردى چېچىگە بەخت گۈلىدىن.

خەنزۇنىڭ غىجىكى، خۇيزۇنىڭ نېيى،
ئۇيغۇرنىڭ دۇتارى، موڭغۇلنىڭ خورى،
قازاقنىڭ دومبىرى، مياۋنىڭ بالمىنى...
ئازاتلىق كۈيىنى كۈيلەيدۇ بەرى.

بىلىمىز، بۇ تېخى تويلارنىڭ بېشى،
كارامەت سەھنىسى دەۋرىمىز قوينى.
مۇشەققەت ئالدىدا ياش تۆكمەسەكلا،
ئوينايمىز ئىشەنچلىك ھەر يوغان توينى.

1950 - يىل سېنتەبىر—ئۆكتەبىر، شەمەن

## تارىخنىڭ ھۆكمى

جۇڭگو ئۆكتەبىرى
قىزىل ئۆكتەبىر
تارىخنىڭ بىزلەرگە ئاتىغان بەختى.
ئاخشامقى شۇ ئوپۇر-توپۇر پەيت
كونا جۇڭگونىڭ يېرىلىش ۋاقتى.
تۇغۇلدى بۇندا يېڭى بىر دۇنيا؛
تۈنۈگۈنكى ئاسارەت قولى
بۈگۈن مەڭگۈلۈك ئازاتلىق جۈپتى.

ئۇلۇغ تەۋرەشلەر ئالغاچقا نۆۋەت،
مىڭ يىللىق پالەچنىڭ دېمى سىقىلىپ،
خائىن دەللاللىنىڭ،
غەرىپتىن ئۆمىلەپ كەلگەن ياۋۇزنىڭ
ئۆكتەملىگى گۆرگە تىقىلىپ،
يەنئەن باغرىدىن ئېتىلغان توپتىن
شۇم گەۋدە تەختىدىن چۈشتى يىقىلىپ.

يۈرۈش قىلدى بىزنىڭ سېپىمىز
تارىخ چاقىنى ئالغا ئىتتىرىپ.
دەۋرىمىزگە
«غالىپ» نامىنى بەخشەندە قىلدى
تارىخ ئۆزى ئەزان قىچقىرىپ.

بېشەملەرنىڭ چىرىك دۇنياسى
غەزەپ بىلەن ماتەمگە چۆمدى،
كۆرۈپ بىزدىكى زەپەر ـ غەلىبىنى.
شۇڭا «ئاق ساراي»دىن چىققان قاراقچى
ئەگەشتۈرۈپ يەنە غالچىلىرىنى
يان ـ يېنىمىزدا سالدى غەلۋىنى.

ئۇلارنىڭ چاۋشيەندە تۆككەن قانلىرى
زادى يات ئەمەس
ۋۇجۇدىمىزدىكى قىزىل تومۇرغا.
خوشنىمىزنى قىلىپ دەپسەندە،
ئوراپ قارا، سېسىق تۈتەككە،
دەيدۇ تېخى:
«بىز دۇنيانى پۈركەيمىز نۇرغا!»

كىم بىلمەيدۇ،
ئۇلار كۆپ زامان
بىزنىڭ قېنىمىزنى ئىچىپ دەندىگەن،
جياڭ ئاتلىق غالچىغا ئاغامچا بېرىپ،
باغلاپ ـ چۈشەپ ئەۋلادىمىزنى
پۈتۈنلەي يۇتۇشنى خېلى پەملىگەن.
تېخى بىر گەپنىڭ ئىنكىسى بولسا،
بولۇۋالىدۇ يىرگە غەم يىگەن.

قۇرۇسۇن ئۇنداق راپاۋەتلىرى،
ئاز بولغانمىدى
شۇ نومۇسسىز بۇلاڭچىلارنىڭ
بىزدىن تاپقان تاپاۋەتلىرى.

ئۇنىڭ قىزارغان ئىككى كۆزىدىن
چىقىپ تۇرمامدۇ
بىر ئەسىرلىك ئەجدادىمىزنىڭ —
قىزىل قېنىنىڭ نادامەتلىرى ...

بىز ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق،
قەلبىمىزدە ئەلەملىك تارىخ —
تارتىپ ئۆتكەن كۆلپەتلىرىمىز.
جاھانگىر پۇشتىدىن ۋاپا يوق بىزگە،
مۇشت تۈگۈپ تۇرىدۇ شۇڭلاشقا بۈگۈن
يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە
باغرى زەرداپ ئەۋلاتلىرىمىز.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نادانلىق —
جاھانگىردىن ئىنساپ تىلەپ قىلماق ئىلتىماس.
بۇ ئۇلۇغ يەكۈن
لېنىندىن بىزگە قالغان گاڭ مىراس.
مەزلۇملارنىڭ قانلىرى بۈگۈن
قان سورايدۇ قاتىللىرىدىن؛
ئادەم ئۆلىدۇ،
ئۆلمەيدۇ قىساس.

پوپۇزىلاردىن چۆچۈپ قالمايمىز؛
«ئاللا - توۋا» — ئەندىشە بىلەن
كىندىگىمىز قوش ئەمەس بىزنىڭ.
بىزنى ھەرگىز يېتىم دېمەڭلار،
قۇيۇنغا بوزەك قامقاق دېمەڭلار،
يىلتىزىمىز بوش ئەمەس بىزنىڭ.

دۇنيانى ياراتقان ئەمگەكچى ئىنسان
بىزدە ئەلنىڭ تولۇق ئىگىسى.
شۇڭلاشقىمۇ
چېچىلمايدۇ بۇلاڭ - تالاڭغا
زامانىمىزنىڭ هالال مېۋىسى.

بىراۋنىڭ هالال نېسىۋىسىگە
كىمكى سوزسا ياۋۇز قولىنى
ئىلىندۇردۇ ئىلگەككە چوقۇم
تويماس گېلىنى.
بىراق جاهانگىر دېگەن ئۆكتەمنىڭ
چۈشەنگىسى كەلمەيدۇ پەقەت
ھەقىقەتنىڭ بۇ ئېنىق تىلىنى.
ھەقىقەتنى — تارىخ ھۆكمىنى
رەت قىلىپ بولماس
چىقارغان بىلەن ئۆكتەم دولىنى.
بەس، جاهانگىرغا ئۆتمەس نەسىھەتىمىز،
ئۇنىڭسا ئويۇنسۇن ئوت بىلەن، مەيلى،
شۈبهىسىزكى، ئۇنىڭ شۇ پەيلى
سورۇيدۇ كۆككە ئۆزىنىڭ كۈلىنى.

1951 — 1962 - يىل ئۈرۈمچى

## دىخان قىزىنىڭ ناخشىسى

بەلنى مەھكەم باغلايمەن،
ئىشلەپ زادى تالمايمەن.
مەن ـ مەن دىگەن يىگىتنى
ئۆتىنزلىقتا چاغلايمەن.

ئانام دەيدۇ: ھۆرۈنغا
بىرىندىغان قىزىم يوق.
ھورۇنلارغا مېنىڭمۇ
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئۆتىنزلىقتا قارايمەن،
ئىشچانلارنى تاللايمەن.
ئىشتا پىشقان يىگىتنىڭ
سادىغىسى بولايمەن.

ئىشتا پىشقان ھەي يىگىت،
قوشۇلساڭچۇ ناخشامغا.
ئالدىرىما، تۇي قىلىمىز
كۆزلۈككە بىر ئاخشامدا.

1952 - يىل ئۈرۈمچى

# كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى،
بىر قارساڭ ئۆلەمسەن؟

*

سەھەر چىقىپ ئۆستەڭگە،
كۆردۈم سېنى يىراقتىن.
ئېزىتقاندەك يولۇمدىن،
ئەگىپ ئۆتتۈم بۇلاقتىن.

باقسام، كەتمەن قولۇڭدا،
سۇ باشلاپسەن ئېتىزغا.
شۇ تۇرقۇڭدا، چىمەنگۈل،
ئوخشىمايسەن ھېچ قىزغا.

زوقۇم كېلىپ ئىشىڭغا،
بارغۇم كەلدى قېشىڭغا.
بىر گەپ قىلغۇم بار ئىدى،
تەگمەي دىدىم چىشىڭغا.

كەلگىنىدىنى بىلسەڭ بۇ،
كۆتەرمىدىڭ بېشىڭنى.
تاڭ شامىلى مەن بولسام،
ئۆيىنار ئىدىم چېچىڭنى.

يوشۇرۇندى چولپانمۇ
ئۇيالغاندەك سېنىڭدىن.
مەنمۇ تارتىپ خىجالەت،
ئۆتۈپ كەتتىم يېنىڭدىن.

*

قايتىشىمدا چۈش بىلەن،
كۆزلەپ ماڭدىم ئۇزاقنى.
كۆك بوغدايىنىڭ ئىچىدە
كۆردۈم «لەيلىقازاق»نى.

«لەيلىقازاق» دېگىنىم،
سەن ئىكەنسەن قارا كۆز.
گۈل قىسقاندەك بوپتىغۇ
سېنىڭ بىلەن دالا-تۈز.

*

مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ
قايتقان ئىدىم ئاخشىمى.
ئېيتىپ كەتتىڭ بۆلەكچە
يېقىملىق بىر ناخشىنى:

«يىگىت بولساڭ، ئىشچان بول،
ئىش قويندا پىشقان بول.
ئەل سەگىسۈن ئەجرىڭدىن،
چۆل قويندا بوستان بول.»

«يىگىت بولساڭ، باتۇر بول،
ھالال ئىشقا ماھىر بول.
تاپاي دىسەڭ زۆھرەنى،
ئەل ئىشقىدا تاھىر بول.»

*

ئۆرگىلەي شۇ ناخشاڭدىن،
يۈرىگىمنى ئويناتتىڭ.
يىگىتلەرگە شەرتىڭنى
ناخشاڭ بىلەن ئاڭلاتتىڭ.

سىناپ كۆرگىن سەن مىنى،
يارايمەنمۇ شەرتىڭگە.
قوبۇل قىلساڭ، تاپشۇراي
يۈرىگىمنى ئىلكىڭگە.

خىسلىتىڭگە تەسەددۇق،
چوغ ئىكەنسەن چىمەنگۈل.
كۆيگىنىمنى بىلدۈرەي،
كىملىگىمنى ئۆزەڭ بىل.

1952 - يىل ئۈرۈمچى

## باھار شامىلى

غۇر - غۇر ئۇچۇپ ئىللىق شوخ شامال،
يان - يېنىمدىن ئۆتتۈك قىيغىتىپ.
ئادالىدىك قىشنىڭ دېغىدىن:
دەل - دەرەخنى يەلپۈپ، ئىغىتىپ.

سۆيۈپ يۈزنى،
بېرىسەن ھۇزۇر،
يۈرەكلەرنى زوقتا ئورايسەن:
ئەلچىسى سەن قايسى پەسىلنىڭ،
زەپ يېقىملىق، تاتلىق پۇرايسەن.

سېنىڭ چۈچۈك شىۋىرلاشلىرىڭ
دېغىر ئۇيقۇدىن ئويغاتتى يەرنى.
بىز بۇ يەرنىڭ قەدىم سىردىشى،
ئۇنىڭ باغرىدا تۆكمىز تەرنى.

ئىللىق شامال،
بىلىمەن سېنى،
ياڭراق نەغمە راسلاپ كېلىسەن.
ئاشىق قىلىپ يېشىل پەسىلگە،
سازەندىلەر باشلاپ كېلىسەن.

نەغمە ئاڭلاپ يېشىل دالىلار
يەلپۈشۈگەندىن ئوينار يەلپۈنۈپ.
ئالدىرايدۇ ئۆسۈشكە ئۇلار
مول ھوسۇللۇق تويغا تەلپۈنۈپ.

بىلەمەن سېنى،
باھار شادلى،
تەبىئەتنىڭ ئاچتىڭ ھۆسنىنى.
زىمىستاننى داغدا قالدۇرۇپ
باشلاپ كەلدىڭ باھار پەسلىنى.

1954 - يىل، باھار ئۈرۈمچى

## ئالدانغان قىزغا

يىغلىمىغىن،
سەندىنمۇ ئۆتتى.
بەگۋاشلىغىڭ ئالداپتۇ سېنى،
بىلسەڭ ئىدىڭ،
قوشۇلماس ئەسلا،
سۆيگۈ بىلەن بەگۋاشلىق قېنى.

1954 - يىل

# ئىشچان يىگىت

يېزىمىزنىڭ غۇرۇرى
ئىشتا پىشقان ياش يىگىت.
ئىش قويىندا ئۆملەشكەن
ئىشچانلارغا باش يىگىت.

ئەمگەك تەرى پارلايدۇ
ماڭلىيىدا كۈمۈشتەك.
ھەم ئوقۇيدۇ بىرياقتىن
نادانلىقنى نومۇس دەپ.

بىللە ئىشلىگەنلەرگە
بىلىنمەيدۇ مۇشەققەتمۇ.
قىزىمايدۇ ئۇنىڭسىز
توي - تۆكۈنمۇ، مەشرەپمۇ.

قىزلارغا ئۆز ئوغۇل،
تەڭتۇشلەرنىڭ گۈلى ئۇ.
ئېيتىڭلارچۇ قىز باللار،
قايسىڭلارنىڭ خىلى ئۇ؟

1954 - يىل

# بەخت

شۇ بەختلىك كۈنلەرنىڭ قوينىدا ياشاپ،
بەخت شەنىگە شېئىر يازماقتۇ بەختىم.
ھەقلىقمەن يېزىشقا، ئىلمىم بىلەن تەڭ
مەنمۇ شۇ بەختنىڭ قەنتىنى چاقتىم.

بۇ بەختنى پەلەكنىڭ ئىلتىپاتى دەپ،
ئاتاشنى ئۆزەمگە گۇنا بىلىمەن.
پەتىۋاغا قىلچىلىك ھاجىتىمۇ يوق،
شاھىتنى تارىختىن باشلاپ كېلىمەن.

بەختنىڭ ئانىسى ئادەمنىڭ ئۆزى،
ئادەم قولىدا تاش ئالتۇن بولىدۇ.
ئادەمنىڭ مېھنەتتە تۆككەن تەرلىرى
جەملەنسە جاھاندەك كەلكۈن بولىدۇ.

بىراق، زامانلارنىڭ قىڭغىر يولىدا
بەخت تېنەپ يۈردى سانسىز ئەسىرلەر.
ئولجا قىلدى ئۇنى قولى ئۇزۇنلار
ۋە ئۆزىگە بېزەك قىلدى قەسىرلەر.

ئادەملەر بەختنىڭ «سىرى»نى ئىزلەپ،
كۆرمىڭ يىل پەلەككە ئىلتىجا قىلدى.

تۈگۈلگەن ياشلارغا تولدى ئېتەكلەر،
قېنى، ئىلتىجانى كىم بىجا قىلدى؟

قانچىلار باش ئېلىپ دەشتلەرگە كەتتى،
مازارلارغىمۇ كۆپ يېقىلدى چىراق.
قانچە داش قازاننىڭ تۈۋى تېشىلدى،
ئالمىدى ھېچ دىماق چىن بەختتىن پۇراق.

بەخت دەپ ھىساپسىز قان تۆكتى ئادەم،
قانچە ئوردا - تەختلەر قىلىندى گۇمران.
بىراق ئىگىسىنى تاپالمىدى بەخت،
يەنە كونا تەقدىر بولدى ھۆكۈمران.

ئاققۇزغان قېنىنىڭ بەھرىنى كۆرمەي،
قانچىلار جاھاندىن ئەلەمدە كەتتى.
«جاھاننىڭ رەپتارى» بولغاچقا ئەگرى،
ئۇتۇقنى تىرىكتاپ ماراقچى ئۆتتى.

«بۇ نېمىشقا شۇنداق؟» دېگەن كۆپ سوئال
زامان - زامانلاردىن قالدى جاۋاپسىز.
بىراق «تەقدىر» قانچە «تىلسىم» قۇرسىمۇ
بولمىدى ئادەمنىڭ پىكرى قاناتسىز.

ماركس دېگەن ئادەم تارىخ ۋاراقلاپ،
يەتتى شۇ «سىر» لارنىڭ تېگى - تەكتىگە.
بەختكە يول ئېچىپ، داۋا تاپتى ئۇ
سانسىز ئەسىرلەرنىڭ رەنجى - دەردىگە.

ئەجىر مىۋىسىنى ئالسا ئىگىسى،
جاھان ئۆگىشىلىدۇ، دىدى شۇ ئۇستاز.
چېلىشىپ شۇ كۆنگە يېتىدۇ ئادەم،
ئېچىلار شۇندا بەخت گۈلى قىش ۋە ياز.

ماركس ئېچىپ بەرگەن سىرلار دەستۇرى
لېنىن تۈزگەن سەپتە كۆتەردى قامەت.
«ئاۋرورا» ئاتقان توپ كونا دۇنيانىڭ
بېشىغا ياغدۇردى تۇنجى ھالاكەت.

بەختلىك كۈنلەرنىڭ سىگنالى بولدى
ئۆكتەبىر جېڭىنىڭ غالىپ ئۇرراسى.
ئېچىلدى شۇ كۈندىن قىزىل نۇر چېچىپ
كۆرەشچان دۇنيانىڭ يېڭى ئېراسى.

لېنىنغا قول بەرگەن مېنىڭ ئېلىمدە
يېشىلدى قاتمۇ-قات دەھشەتلىك تۈگۈن.
قانلار كەلكۈنىدە بۇزۇپ كونىنى،
ھاياتنى يېڭىچە قۇردۇق بىز بۈگۈن.

بەش يىللىق بەختنىڭ نۇرلۇق قوينىدا
ياشنىماقتا ئېلىم ھۆسنىگە تولۇپ.
قىزىل سەپنىڭ غالىپ ئىمزاسى بىلەن
بەختىمىز پۈتۈلدى قانۇنى بولۇپ.

بەختىمىز گۈلىنىڭ ھەربىر بەرگىدە
پارلايدۇ مەرتلەرنىڭ تۆككەن تەر-قېنى.

پۈتۈلدى بىزنىڭ زامانىمىزغا
بىر پۈتۈن تارىخنىڭ چاڭقاپ كۈتكىنى.

پارتىيە باش بولغان بۇ ئازات ئەلدە
ھەقىقەت بولمايدۇ ئەمدى بۇرۇقتۇم.
ھالال تەر تۆككەنلەر خوجايىن بۇندا،
شۇم تىردىكتاپلارنىڭ ھەۋەسى مەھكۇم.

خۇشاللىغۇ بۈگۈن سەن زەربىدار تۇرسۇن،
تەبەسسۇم ئوراپ ئاپتۇ لېۋىڭنى.
ئىشەنچلىك بىر ئۇلاق مىنمىگەن ئۇيغۇر،
ئويلاپ بىلمىدىڭ كېچە ئاپتومۇبىلنى؟...

ھە، بىزنىڭ ئۆمرىمىز ئۆتىدۇ شۇنداق،
ئىشىمىز بەرىكەتلىك، كۆڭلىمىز گۇۋادەك.
بىزنى مەس قىلالماس غۇرۇرلۇق كەيپى،
ئەقىل كۆزىمىزنى باسالماس ئۆگدەك.

بەختىمىز قىممىتى ۋىجدان بىلەن تەڭ،
بۈگۈن ھەم ئەتىمىز ئۈندىن بەھرىمەن.
ياشنايدۇ بارغانچە بەختىمىز بىزنىڭ،
زوقلىنىپ كۈيلەيمەن مۇشۇ بەختنى مەن.

1954 - يىل ئۈرۈمچى.

## ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى

رەمەتلىك ئاغىنەم ۋالاقتەككۇرۇپ
ئاغزىدىن جان بەرگەن،
(بۇنداقلار جىققۇ).
«ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش گۇنا»،
مەيلىلا،
«خۇدانىڭ رەھمىتى كۆپ»قۇ.

ئۇ تىرىك ۋاقتىدا خوتۇنى ئايخان
ئۆي ئىشلىرىغا ئۇلگۇرەلمەيتتى.
ئۆزىغۇ ئانچىلا ھورۇنمۇ ئەمەس،
بىراق، ئۇيقۇدىن باش كۆتىرەلمەيتتى.
نىمىشقا دېسىڭىز، بىچارە خوتۇن
ئالالمايتتى تۈزۈك كېچىسى ئارام.
ئېرى چۈشىدىمۇ لېكسىيە ئوقۇپ،
ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قىلاتتى ھارام...

گېپىمىز خوتۇنىنىڭ ئۈستىدە ئەمەس،
ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ خۇلقىغا تالىق.
ئۇ ئوبدان تۈگەتكەن ئون نەچچە كۇرسنى،
بەستىمۇ رەھبىرىي خادىمغا لايىق.
كېلىدۇ خىزمەتكە ئانچە كېچىكمەي،

بولۇپمۇ مەجلىسكە دائىم بىرىنچى.
ئەگەر بەرسەڭ بىرەر مەجلىستىن خەۋەر،
بىردۇ ساڭا ئۇ بەلكى سۆيۈنچى.
مۇبادا سەن ئۇنى ئىزلىمەك بولساڭ،
«نەدە مەجلىس بار؟» دەپ سورايسەن جەزمەن.
تونۇمىساڭ ئۇنى،
بەلگىسى ئېنىق:
سۆزلەشكە پەرۋانە، ھەممىدىن سۆزمەن؛
ئۇ پىلان ئۈستىدە سۆزلىسە ئەگەر،
ئۇنتۇماس قانۇننى چۈشەندۈرۈشنى.
شۇ يېرى قالتىسكى، ۋاراقلايدۇ ئۇ
قانۇن تارىخىنى — ئۇزاق ئۆتمۈشنى.
دەۋرلەر تارىخى سۆزلىنەر بىر - بىر،
دەسلەپكى كومۇنىدا سۆزگە بىر تولغۇن.
شۇ يەردە بىر تىنىپ، قىلىدۇ خىتاپ:
«ياخشىراق ئاڭلاڭلار، خىزمەت يوق بۈگۈن».
مەلۇمات بېرىدۇ شۇندىن كېيىنلا
يەرنىڭ قانداق بىنا بولغانلىغىدىن.
سۆز ئەمدى تارىخنىڭ چېكىدىن چىقىپ،
تەبىئەت ئالىمىگە كۆچىدۇ بىردىن.
سەن بىلەن بىزغۇ پەننى سۆيىمىز،
بىراق بۇ لېكسىيە كىرمەس قۇلاققا.
مەجلىستىن قاچىسەن جاۋاپ تاپالماي،
«پىلان قانداق بولدى؟» دىگەن سوراققا.
ئۇ يەنە سۆزلەيدۇ ھەممىدىن بىغەم،
چاۋاكمۇ كۈتىدۇ ھاياجانلىنىپ.

قايناپ كېتىدۇ، «قىسقىراق» دىگەن
شەرەتلەرنىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ.
بىر چاغدا ھەر جايدىن باشلانسا گۈدۈك،
«يىغىپ ئېيتقاندا...» دەپ بېرەر تەسەللا.
ئەمما سۆز توختىماس، ئۆرلەيدۇ شاۋقۇن،
ئۇ ئەمدى «ئاخىرىدا» دەيدۇ ئارانلا.
«ئاخىرىدا» تۇرماق «ئەڭ ئاخىرىدا...»
دىگىنى بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ گەپ.
كىم بىلىدۇ، ئۇنىمۇ غەم يەيدىغاندۇ
بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن دەپ.
بەزىدە قۇيرۇغى ئۈزۈلمەي سۆزنىڭ
سوزۇلىدۇ مەجلىس يېرىم تۈنگىچە.
باشلىنىدۇ خورەك بۆلۈك.. بۆلۈكىدىن،
ئېلېكترمۇ ئۆچۈپ قالار تاڭغىچە.
دەيدۇ ئۇ شۇ چاغدا: «بىر بىرىمىزنى
كۆرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.
مەقسەت بۇ يەردە دوكلاتنى ئاڭلاش،
قۇلاقنا ئوخشاشتۇ قاراڭغۇ-يورۇق...»
تاقىتى قالمىغان كىشىلەر بىردىن
پۇت ئۇچىدا دەسسەپ قاچار غىپىلداپ.
باشلىق قاراڭغۇغا سۆزلەيدۇ ھەدەپ،
بەزىدە تاڭمۇ قالار يېقىنلاپ.
بىر چاغدا باشلىقنىڭ خۇمارى تۇتۇپ،
تاماكا چېكىشكە يېقىپ سەرەڭگە،
قارىسا ئالدىغا، كۆرۈنمەس ھېچكىم —
ئادەمنىڭ ئۇچۇتى قالمىغان ئۆيدە.

شۇ چاغدا ئاغىنەم ۋالاقتەككۆرۈپ
تېرىكىپ قايتىدۇ، ئۆيگە كېلىدۇ.
مەجلىستىن ئېشىپ قالغان دوكلاتنى
خوتۇنى ئايخانغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئۇ شۇنداق رىتىكەس چۈشەندۈرۈشتىن،
سوئالىمۇ ھاجەتسىز ئۇنىڭ سۆزىگە.
رەنجىتىپ قويماي دېسىڭىز ئۇنى،
كۆرۈنمىگىنىڭىز ياخشى كۆزىگە.

بىر كۈنى ئاغىنەم رادىيو ئۈزېلىدا
ئون مىنۇت سۆزلەشكە تېپىپتۇ پۇرسەت.
بىراق، ۋاقىت يەتمەي كېيىش سۆزگىمۇ،
سوراپتۇ ئۇ يەنە ئون مىنۇت رۇخسەت.
رۇخسەت قىلمىغاچقا، تېرىكىپ سۆزمەن
توختاپتۇ سۆزىدىن «داۋامى بار» دەپ.
بۇ ئىشتا جاۋاپكار كادىرلار كايىپ،
چۈشۈرۈۋېتىپتۇ مۇنبەردىن ھەيدەپ...

ھار كەپتۇ بۇ ئىشلار ئاغىنەمگە بەك،
ئۆلمەپتۇ، ئۇنىڭ بىرسى بوپتۇ.
كەلسە ئىدارىگە شۇ يەردىن قايتىپ،
نەدىندۇر ئامبارغا ئوت كېتىپ قاپتۇ.
ئادەملەر ئۇلىشىپ تۇتۇنغان ئوتقا،
پاژارنى ئەترەتكە خەۋەرمۇ كەتكەن.
ئولاشقان ئادەمنى كۆرۈپ ئاغىنەم

ئويلاپتۇ: «سۆزلەشكە ئوبدان پەيت ئىكەن».
— يولداشلار، — دەپتۇ، — قۇلاق سېلىڭلار.
دۆلەتنىڭ مۈلكىنى ئاسراش بەك مۇھىم.
ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ماھىيىتىنى
بىلىش كېرەك، — دەيدۇ پارتىيە دائىم...»
بىراق ئادەملەرنىڭ تەشۋىشى ئوتتا،
لېكسىيە ئاڭلاشقا زادى تاقەت يوق.
كايىپتۇ ئاغىنەم شۇندا ھەممىگە:
«سىلەردە نەزەرىيە ئىشقى پەقەت يوق.
بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋال شۇ ئىشنىڭ
چۆكۈش كېرەككۇ تېگى - تەكتىگە.
شۇ ئوتنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆچۈرگەن بىلەن،
بولمايدۇ ئىش چوڭقۇر ئوتتۇقنا ئىگە.
ھەي كاتىپ،
ماخەقنى يىتقىنا چاپسان،
سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن تىزدىلىپ رەتكە.
مۇشۇنداق پەيتلەردە نەزەرىيىنى
باغلاش بەك قولايلىق ئەمەلىيەتكە...»
شۇ چاغدا ئادەملەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
چۇقان كۆتىرىپتۇ ئوغىسى قايناپ.
«... سېنىڭ لېكسىيەڭنى چۈشەنمەيدۇ ئوت،
تولا ۋالاقلىما تىلىڭنى چايناپ!...»
ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ ئاغىنىمىزنىڭ
بۇ سۆزلەر كىملەردىن چىقتىكىن، قانداق؟
شۇ چاغدا ھەقلىق ئۇ غوغا كۆتەرسە،
ھاقارەت قىلامدۇ رەھبەرگە شۇنداق.

كۆزى چەكچىيىپتۇ ئۇنىڭ شۇ زامان،
سوغاق تەر ئېقىپتۇ پىشانىسىدىن.
بايىقى ئەلەمگە تۇتۇشۇپ بۇ دەرت،
كەتكىلى تاسلا قاپتۇ ئېسىدىن...

خەيرىيەت، ئاخىرى ئوتمۇ ئۆچۈپتۇ،
ئەتىسى كۆپچىلىك مەجلىس ئېچىپتۇ.
رەھبەرنىڭ كىچىككى قىلىقى ئۈچۈن
ھەممىدىن غەزەپلىك تەنقىت يېغىپتۇ.
ۋاقىتەككۈرۈپنىڭ كەيپى بەك يامان،
تۈن بويى ئۇھ تارتىپ كىرپىك قاقمىغان.
تۈنۈگۈن بولۇنغان ئاھانەت ئازمۇ،
ھېچقاچان ئۇ بۇنداق ئەلەم تارتمىغان.
تەنقىتنى ئاڭلىماق تېخىمۇ ئېغىر،
قۇتۇلۇشقا ئىزلەپ كۆرۈپتۇ چارە.
ئاخىرى تەنقىتنى بىر ياققا قايرىپ،
دوكلاتقا چۈشۈپتۇ يەنە بىچارە.
غۇلغۇلا باشلىنىپ كېتىپتۇ شۇندا:
«بەس، يېتەر، نىمانداق قۇرۇق گەپچىسەن!»
«ۋاقىتقا خىيانەت سەپسەتەڭ سېنىڭ!»
«ماھىيەتتە چوڭ خىيانەتچىسەن...!»
بۇ ئاھانەتلەرگە چىدالماي سۆزمەن
تىرىكچىدا ئارتقا ئۈچۈپ كېتىپتۇ.
ھەممىنىڭ دىققىتى بۇزۇلۇپ بىردىن،
مەجلىسنى شۇ يەردە دەرھال يېپىپتۇ.
«خىيانەتچى» بىلەن چىققان ھادىسە،
شۇ كۈنى يوقۇرىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

ئۇلارمۇ تەكشۇرۇپ، بۇ ئاتالمىنى
«ئاساسى جەھەتتىن توغرا» تېپىپتۇ.
يۇقۇرىدىن شۇنداق باھانى ئاڭلاپ،
خورلۇق ۋە ھەسرەت قىيىندى ئۇنى.
ئويلىمىغان ئىدى بۇنداق بولار دەپ،
باشتىچە ئىدىنغۇ ئۇنىڭ كۆتكىنى:
ئۇ تىنماي سۆزلىسە، ھەممە ئاڭلىسا،
قول ئاستىدىكىلەر چالسا چاۋاكنى.
رەھبەرلىك بولارنى ئىش دەپ چۈشەنسە...
تاپقىنى ئەمەسمۇ ئالتۇن تاۋاقنى.
نەزەردىن چۈشتى ئۇ، تۆكۈلدى ئابرويى،
ئەمدى نېمە ھېزۇر ئالسۇن ھاياتتىن؟
ئاھ شېرىن ئارزۇلار، ئەسقاتمىدىڭغۇ،
قۇتقۇزۇۋالساڭچۇ ئىگەڭنى دەرتتىن.
ئەلەملەر ئىلكىدە چوڭقۇر ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆزىگە سۆزلىدى سۆزمەن ئەپەندى:
«كۆتەرىپ يۈرەرمەن بۇ باشنى قانداق،
ئۆلگىنىم ياخشىغۇ، ئۆلدۈمغۇ ئەمدى.»

..................................................

ۋە لېكىن ئاغىنەم ۋالاقتەككۇرۇپ
راست ئۆلۈپ كەتتىمۇ — بىلمەيمەن بۇنى.
بۇ ئىشنى ئانچىلا سۈرۈشتۈرمەگلار،
ئۆلگەنگە ھېساپتۇ «ئۆلۈم» دېگىنى.
«مېنىڭ ئېغىز گەپ قىلغان ئۆلدۇ» دەپتۇ،
دەرۋەقە ئاغىنەم شۇۋەجىدىن ئۆلدى.
ئۇنىڭغۇ چىرايلىق ئۆزدىسىپ قويدۇق،
ئەمدى گەپ تىرىكلەر ئۈستىدە قالدى.

1955 - يىل

# يۈرەك سۆزى

مىللەت
ياخشى - يامانلىقنىڭ قاشقىسى ئەمەس.
بىز چۈشەنگەن، ھەقىقەت شۇكى،
بۇ پەرقنى،
ئالدى بىلەن ئايرىيدۇ سىنىپ،
باشقىسى ئەمەس.

«تىلى ياتنىڭ دىلى يات» دېگەن پىتنىنىڭ
قانچە قايناتساڭ،
ھەقىقەت بىلەن قوشۇلماس قىينى.
بىزمۇ تارىخ بىلىمىز،
ئەي چىرىك ئەپسانە،
كىم توقۇدى،
كىم سەھنىگە چىقاردى سېنى؟...

يامان نىيەت يامانغا تالىق،
بىز يامان دەپ كىمنى ئېيتىمىز؟—
تەڭسىزلىكنىڭ ھامىلىرىنى،
ھەق - ئادالەت قارغۇلىرىنى.
كۆرۈپ تۇرىمىز
پىتنە پۈتتۈلگەن ۋەسىقىلەردە
شۇ زۇغۇيلارنىڭ تامغىلىرىنى.

بىز ئېزىلگەنمىز
جىياڭجېيشى جاللاتتىن،
مىللى مۇناپىق دەرسەرلەردىن.
ئۇلاردىن ئېلىشقا ھەقلىق ئىدۇق بىز
تۆككۈلگەن قانلارنىڭ ئىنتىقامىنى.
بىراق،
قاتىللاردىن تارتقان دەرتكە پايلىماي،
بۇلغىمايمىز مىللەت نامىنى.

ھەيلى، بولسۇن قايسى مىللەتتىن
قايسى ئايماقتىن،
شۇ قاتىللارنىڭ تەكتى بىر نەسەپ،
يۇرت-ۋ رەڭگىنى ھەرياڭزا بوياپ.
كىمكى ئەگەر،
ئۇلار تۆككەن قان كىمنىڭ قېنى دەپ
سورىسا بىزدىن،
ئىككىلەنمەي
«سىنىپىمىزنىڭ قېنى» دەپ بېرىمىز جاۋاپ.

خۇددى جاھاندا ئادالەت يوقتەك،
بىزگە يات سىنىپ
ھەقىقەتنى قانچە زامانلار
قارا پەردىلەرگە يوشۇرغان ئىدى.
بىز ئەزەلدىن باغرىم دەيمىز قازاقنى،
خەنزۇ بىزنى قېرىنداش دىيدى.
بىلسەڭ دوستۇم،

تەگسىز زامانىنىڭ قىستاگلىرىدا
سىقىلغان ھەقىقەت مانا شۇ ئىدى.

يولداش چېن تەنچيۇ
تاڭ خەۋەرچىسى چولپانغا ئوخشاش،
بىر چاغلاردا،
قاراڭغۇ تۈندە
بۇ ۋادىدا بىللە بولغان بىز بىلەن.
تەقدىرىمىز ھەققىدە ئويلاپ،
ئازاتلىغىمىز ئۈچۈن بەل باغلاپ،
ھەمنەپەس بولغان قەلبىمىز بىلەن.

يولداش چېن تەنچيۇ
ۋە ئۇنىڭ سەپداش ـ نىشانداشلىرى
بىزنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى دەسلەپ.
گەرچە يۇتسىمۇ ئۇلارنى زىندان،
كۆرەش ئۇچقۇنلىرى قالمىدى پەسلەپ.

ئۇيغۇر ئەۋلادى قان تۆككەن يەردە
تۆكۈلدى خەنزۇنىڭ، قازاقنىڭ ... قېنى.
يالغانمىدى شۇنداق بولغىنى.
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن بىز ئۇنى.
ئەسلىگىنە دوستۇم،
چېن تەنچيۇ بېشىنى چاپقان قىلىچتا
چانالمىغانمۇ مۇتەللىپ تېنى!...

بىز كۆز تىككەنمىز يەنەنگە كۆپتىن،
شۇ ئىشتىياق
تىكلىگەن كۈرەشچان ئىرادىمىزنى.
چوڭ دولقۇنغا قوشقان ھەسسىمىز
يامراپ تاشقان شۇ ئىرادىدىن؛
ھەم ئويغاتقان
شىنجاڭلىق مىسكىن ئەۋلادىمىزنى.
ئوقۇپ چىقتۇق قايناملاردا بىر
ئىنقىلاپنىڭ ئېلىپبەسىنى؛
ئەخمەتجان دېگەندەك،
باغلىدۇق شۇڭا
«دۇشمىنىمىزنىڭ دۇشمەنلىرى»گە
چىن مۇھەببەت، ئۈمىدىمىزنى.

*

ئازاتلىق ئارمىيە غالىپ مارش بىلەن
كىرگەندە شىڭشىڭشىيا بوسۇغىسىدىن.
بىز قۇچاقلاپ ئۇنىڭ بويىنىنى،
سۆيگەنمىز ئىللىق پېشانىسىدىن.
ئەنە شۇ چاغدا
ئەسىرلەر ئارزۇسىغا ئېچىلدى ئىشىك.
ئىچكەنمىز ئاشۇ ۋىسال پەيتىدە
لىپمۇ-لىپ تولغان شېرىن شاراپنى
قەدىردانلىق پىيالىسىدىن.

تاڭ ئاتتى...

كىشەنلەنگەن جاپاكەش سىلىپ،
تالڭ شامىلىدىن ھۆر نەپەس ئېلىپ،
غەيرەت بىلەن دەس كۆتەردى باش.
جاي ئېلىپ سائادەت گۈلىستانىدىن،
قېنىپ - قېنىپ مۇڭدىشىۋالدۇق
ئاكا - ئۇكا،
قوۋمى - قېرىنداش.

قەدىر - قىممىتىنى تاپتى ۋەتەندە
كۆرمىگ يىل خارلانغان دەپسەندە ئەمگەك.
كۈلۈپ پارلىدى
ئەمگەك ئەھلىنىڭ يۈز - چىرايلىرى.
كۆرەش يالقۇنىدا كۆيدى - ئۆرتەندى
ۋە سۇيۇلدى زامانىمىزدىن
ئوتتۇرا ئەسىر رودۇپايلىرى.

ھەركىتىمىز تاپماقتا بەركەت
پارتىيە ئاچقان ئۆملۈك يولىدا.
كۆرەش سېپىگە تىزىلغان خەلق
بىر بىرىگە قېرىنداش، يولداش.
ئۆم پىكىر، ئۆم كۈچلەر قۇدرىتى بىلەن
قارىغىنا ئەنە،
تۈنۈگۈنكى خارابىلىقتا
بۈگۈن سوتسىيالىزىم كۆتەرمەكتە باش.

ئادەم ئىدۇق بىز
شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان،
شۇ يۇرتتا ئۆسكەن
چۆللەرگە سۇ ئاچقان، شەھەرلەر قۇرغان.

بىراق قارا كۆڭۈللەرنىڭ رەزىل ئىلكىدە
تارىختىن نامىمىز ئۆچەي دەپ قالغان.

زامانىمىز كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ،
تونۇتتى جاھانغا كىملىگىمىزنى.
قۇرماقتىمىز يۇرتنى قايتىدىن
جۇشقۇن روھ بىلەن.
توي قىلدۇق بۈگۈن
تىيانشان باغرىدىن ياڭرىدى نەغمە.
كۆز تىكمەكتە شۇڭلاشقا دۇنيا
بىزگە باشقىچە ھەۋەس - زوق بىلەن.
ۋاقىرايمىز «ئازات زامان»غا،
جاكالايمىز بەختىمىزنى پۈتۈن جاھانغا.
«كىم ئىدۇق، كىم بولدۇق» دېگەن بىر سوئال
سالماقتا بىزنى ھاياجانغا.
قول ئازاتلىقتا شانلانماس نىچۈن،
پەخىرلەنمەس خار - زارلار نىچۈن
ئېرىشكەندە زور شەرەپ - شانغا.

مەن ئۇيغۇر ئوغلىمەن،
ئۇيغۇرنى ئۆزەمدەك ياخشى كۆرىمەن.
بىراق، ئۇيغۇر بولغىنىمدىنمۇ
قىزىل تۇغ سېپىدە تۇرغىنىم قىممەت.
شۇ سەپتە تۇرۇپ،
جىمى جەڭدە يېڭىپ ئۆتكەنىمىز
يېڭىپ بارىمىز
ۋە ھاياتقا بېرىمىز زىننەت.

1955 - يىل، سېنتەبىر

## مەن سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى

تاڭ بىلەن تەڭ ئويغىنىپ بۈگۈن،
قەلبىمدە ئىسسىق بىر ھوزۇر سەزدىم.
شەھىرىم باغرىدا كۆرۈپ يېڭى تۈس،
كۈلۈپ ـ زوقلىنىپ، كوچىلار كەزدىم.

ئۈرۈمچى شەھرى،
نىمىشقا بۈگۈن
مۇنچىۋالا ئالىلىق چىرايىسەن؟
چىچەك ئاچقاندەك گويا قىزىل گۈل،
نىمانداق خۇشبۇي، تاتلىق پۇرايسەن؟

كۈلۈپ تۇرۇپسەن ھۆسنۈڭنى بېزەپ،
چوغدەك قىزىل پىلاكات بىلەن.
قۇچاقلىشىپ تۇرۇپسەن مەغرۇر،
يېقىملىق، يېڭى، شوخ ھايات بىلەن.

شۇ ھۆسنۈڭنىڭ پەيزىگە چۆمۈپ،
قەلبىمدە شاتلىق تاشقىنى تاشتى.
شاھىت بولۇپ ئاشۇ قەلبىمگە،
لەۋلىرىمگە كۈلكە ئولاشتى.

نىمشقا بۈگۈن كۆلمىسۈن قەلبىم،
نىمشقا كۈيلىمەي خۇشال پەدىگە؟
مەن ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك شەھەر
ئۇلاشقاندا يېڭى پەللىگە.

شۇ پەللىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى
ئېيتقىنىمدا ياندىم ئوت بولۇپ.
بىلىپ تۇردىمەن،
بۇ نام ئەمدىكى
دەۋرىمىزگە قالار ئات بولۇپ.

سوتسىيالىزىم دىگىنە دوستۇم
كېتىدۇ بۇ سۆز قانداق جاراڭلاپ!
مەن نىمشقا شاتلىققا تولماي،
شەھىرىمىزنى شۇ نامدا ئاڭلاپ!

سوتسىيالىزىم بىزنىڭ ئىشىمىز،
ئۇ مەزمۇنى زامانىمىزنىڭ.
ئۇندىن ۇ پارلاق يۈكسەك پەللىگە —
چىقىشقا يېتىدۇ كۆزىمىز بىزنىڭ.

بۈگۈندىن باشلاپ سورىساڭ مېنى،
سوتسىيالىستىك شەھەر ئادىمى.
ھە، ئەتىلا
پۈتۈن ئېلىمىنىڭ
بۇ پەللىگە يېتەر قەدىمى.

1956 - يىل، فېۋرال.

# مۇھەببەت

مۇھەببەت تىلى يۈرەككە تالىق،
ئۇ، ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەۋزەللىكىدىن.
بىنەۋا يىگىت دەپ رەنجىمە مەندىن،
قورقىمەن سۆيگۈنىڭ ئەرزەنلىكىدىن.

مەيلى سۆيگىن مېنى، مەيلى ئالدىغىن،
مەن ئۈچۈن بىر ئېغىز راست گېپىڭ قىممەت.
كىرمە بۇ كوچىغا يالغان سۆز بىلەن،
كۆيمىسۇن ئارىدا مەسۇم مۇھەببەت.

مۇبادا ئالدىماق بولساڭ مېنى سەن،
شۇ نىيىتىڭنى بىلسەم تىلىڭدىن.
ئاسرايتتىم ئۆزەمنى ھەسرەت ئوتىدىن،
ۋە ئېلگىچە رازى ئىدىم سېنىڭدىن.

«كۆپ» دىگەن قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ،
قىز - يىگىت سۆيگۈسى ئىككى يۈرەكنىڭ.
ھە، شۇنداق،
كىم كۆرگەن
نەچچە قېتىملاپ
چېچەك ئاچقىنىنى غۇنچە - پورەكنىڭ؟

سۆيگۈ .. ئەقدىمنىڭ نازۇك ناخشىسى،
مەيلى، خالىساڭ بېغىشلا ماڭا.
يۈرىگىمنىڭ تەڭگە دۈپۈلدىشىنى
ئاڭلىيالىسام مەن قوشۇلاي ساڭا.

1956 - يىل، ئاپرېل.

# يىگىت ئارزۇسى

«كۆيدۇم دىگەن شۇ سۆزنى،
سەن بىلەن تەڭ قىز دىسە.
يوقالغاندا سەن ئۇنى،
ئۇمۇ سېنى ئىزلىسە.

ئۇ ئۇياندا، سەن بۇندا،
ئايلار ئۆتسە، يىل ئۆتسە.
بىلىنگەيمۇ يىراقلىق،
سەن سېغىنساڭ، ئۇ كۈتسە.

1956 - يىل، ئاپرېل

# «ئاۋرورا»

مانا، مەغرۇر «ئاۋرورا» بەستى،
ئاستىدا ئۇنىڭ نىۋا دولقۇنى.
تىكىلدى كۆزۈم،
خۇددى سۈرەتكە
تارتماقچىدەك ئۇنىڭ تۇرقىنى.

مەيلى، كۆزۈم كۆرگىن قانغىچە،
سۆيگىن لېۋىم ھەر بىر ۋېنتىنى.
كۆڭلۈم مېنىڭ ئاللىقاچانلا
سىڭدۈرگەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى.

ئۇ چاغ ئىدى ئۇن يەتتىنچى يىل،
يېڭى دۇنيا جەڭگە راسلانغان.
«ئاۋرورا»نىڭ زالپى بىلەن تەڭ
ئۇنىڭ غالىپ دەۋرى باشلانغان...

كۈنچىقىشنى نۇرغا پۈركىدى
بەختىنىڭ ئاشۇ پارلاق چىرىغى.
رەڭداش ئىدى شۇ قىزىل نۇرغا
جىڭگاڭشەننىڭ غالىپ بايرىغى.

شۇ نۇر بىلەن ئېچىلغان، كۆلگەن
مېنىڭ كېچىكى ئەلەملىك دىلىم.
شۇڭا بەختىمنى كۆيلىسەم، سۆزنى —
«ئاۋرورا»دىن باشلايدۇ تىلىم.

ئەي جاكاچىسى زامانىمىزنىڭ،
ناخشا ئېيتىدۇ شەنىڭگە يۈرەك.
ناخشام ئەۋجى قۇچاقلار سېنى
خۇددى نۇرا دولقۇنلىرىدەك.

1956 - يىل 27 - ماي، لېنىنگراد

## گورکی مۇزېيىدا

كۆردۇم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
«يېتىم ئوغلاق»، مۇكلۇق گۆدەكنى.
تاپىدىكەن شىرىن تەسەللا
مومىسىدىن ئاڭلاپ چۆچەكنى.

كۆردۇم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
بايلارغا قۇل بالا مالاينى.
ئاخشاملىرى كىتاپ ئوقۇغان
چىراق قىلىپ كۆكتىكى ئاينى.

كۆردۇم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
جاپاكەشلەرگە باغلاپ ئۈمىتنى،
روسىيىنى پىيادە كەزگەن
يېرىم ئاچ، يېلىڭ سەرسان يىگىتنى.

كۆردۇم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
پالاندى بولغان نەزەر بەندىنى.

سەرگەردانلىنىڭ ياقا يۇرتلاردا
ۋەتەن غېمىدە تارتقان دەردىنى.

كۆردۈم بۇ يەردە
بىر چاغلاردىكى
كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنى.
ئاچچىق يۇتۇپ كەلگەچ، ئۆزىگە
«گوركى»* دەپ نام قويغان كىشىنى.

كۆردۈم ئۇنىڭ قەلەملىرىنى.
كۆردۈم ساناقسىز ۋاراقلىرىنى،
ۋاراقتا ئاقتۇرغان ئۇ قەلەم بىلەن
قىزىپ تۇرمۇش بولاقلىرىنى.

كۆردۈم ئۇنىڭ ئىجتىھادىنى.
بىلىم ئۈچۈن جاننى ئاتىغان.
مەكتەپ يۈزى كۆرمەستىن تۇرۇپ،
ئاسمان پەلەك كىتاپ ئوقۇغان.

كۆردۈم بۇ يەردە
ئاپپاق ساقاللىق
تولستوينىڭ سۆھبەتدىشىنى.
كۆردۈم قانداق ئۇچۇرغىنىنى.
ئۇنىڭ جەسۇر بوران قۇشىنى.

* گوركى — رۇسچە «ئاچچىق» دىگەن سۆز.

كۆردۈم بۇ يەردە ئىپتىخار بىلەن
لېنىننىڭ ئاتا مۇھەببىتىنى.
ئەگرى ـ توقايدا يورۇق مەنزىلنى
كۆرسىتىپ بەرگەن داھى خېتىنى.

كۆردۈم بۇ يەردە
ئاتا توقۇلغان
ئىستالسكىي*نىڭ قەسىدىسىنى.
بېرناردشاۋ**نىڭ تەشەككۇردىنى،
ۋە لۇشۇننىڭ ئەقىدىسىنى.

كىم بار جاھاندا ۋىجدان ئەھلىدىن
ئۇنىڭ تىلىدىن ئىلھاملانمىغان؟
يېڭى دۇنيا ئەدىبلىرىدىن
كىم بار ئۇنى ئۈلگە قىلمىغان؟

گوركى! ئالدىڭدا خۇددى ھاياتسەن،
سالام ئۇلۇغ سەنئەتكار ساڭا.
سالام باشلامچى جەڭگىۋار ئەدىپ،
سالام شانلىق بايراقدار ساڭا!

1956 - يىل ئىيۇن، موسكۋا
(1982 - يىلى تۈزىتىلگەن)

---

• سۇلايمان ئىستالسكىي — مەشھۇر داغىستان خەلق شائىرى،
•• بېرناردشاۋ — 1856 — 1950 - يىللار ياشىغان ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى.

## ھەيرانمەن

—«سەن» دىۋىدىڭ،
ئىشق شارابىنى
ئىچتىم گويا ۋىسال جامىدا.
سەندىن ئالغان ئۇنۋان شۇ ئىدى،
مۇھەببەتنىڭ ئىمتىھانىدا.

نەچچە ۋاقىتتىن «سەن» دىگەن تىلىڭ،
ئەجەپ بۇگۈن «سىز»گە بۇرالدى.
بىلمەك ئىدىم،
شۇ تاپتا مېنىڭ،
يۈرىگىمگە قايغۇ ئورالدى.

قەيەردىدۇ قايغۇ تۇگۈچى،
يا يېپىشتىمۇ ماڭا ئەنسىزلىك.
يا بولمىسا،
چىچەن تىلىڭغا
پۇتلاشتىمۇ ئېھتىياتسىزلىق.

—ھەي...
سەن ئۈچۈن شۇ مۇھەببەتتە
«ئېھتىيات»قا ھاجەت قانچىلىك؟

ئىمە گۇنا قىلدىم مەن ساڭا،
يۈرىگىمنى ئېزىپ مۇنچىلىك؟

شۇ سۆزۈڭگە ھەيرانمەن،
شۇندىن بېرى ۋەيرانمەن...

1956 - يىل، ئىيۇن.

# ھەسرەت

«بىر سىنىڭمەن» دىگىنىڭ،
نەقش بولغان دىلىمغا.
ئەمدى «كەچتىم» دىگەن سۆز
قانداق كەلدى تىلىڭغا؟

سىلىپ قويدۇڭ ھەسرەتكە؛
ئاغرىمىدى ئىچىڭمۇ.
شۇ ئازاۋىلىڭ بىر ساڭا
ئىشەنگىنىم ئۇچۇنمۇ؟

ھەسرەتتىنمۇ ئېغىر دەرت،
بارمىكىن، تاڭ. بىلمەيمەن.
«ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن
ئەقدەمگە يىغلايمەن».

1956 - يىل ئىيۇن

## ۋەتىنىم

ۋەتەن، سەندىن ئۆزگە دىلدارنى
تاپالمىدىم ئالەمگە كېلىپ.
تاپالمىدىم،
تاپالمايمەن ھەم
بەس، ياشىسام مېھرىڭگە قېنىپ.

*

مەن تۆرەلگەن سېنىڭ قوينۇڭدا،
سەندە ئالدىم تۇنجى نەپەسنى.
سەندە سەزدىم يورۇق ئالەمنى،
سەندە تاپتىم ئارزۇ ـ ھەۋەسنى.

سەندە سەزدىم قىش بىلەن يازنى،
ئىسسىق ـ سوغاق، ئاچچىق ـ چۈچۈكنى.
سەندە بايقىدىم راستنى ـ يالغاننى،
ياخشى ـ يامان، چوڭ ھەم كىچىكنى.

ماڭا تونۇش چەكسىز تۇپرىقىڭ،
مۆتىزارلىق، خۇشبۇي باغلىرىڭ.
ماڭا تونۇش شەھەر ـ كەنتلىرىڭ،
قېرى دەريا، ئاقۋاش تاغلىرىڭ.

ماڭا تونۇش بوۋاي ـ موماييلار،
يىگىت ـ قىزلار، تەڭتۇش دوستلىرىم.
ماڭا تونۇش ئاشۇ قەۋرىستان،
ۋە ئەتىكى ئورۇق ـ پۇشتلىرىم.

ماڭا تونۇش ئاخشامقى كۈلپەت،
كونا تارىخ زۇلۇمنامىسى.
ماڭا تونۇش ئەسىرلەر جېڭى،
ۋە يېڭىشنىڭ شادىيانىسى.

يېڭى تارىخ پۈتۈلدى بۈگۈن،
بۇ، مەرتلىكنىڭ ئۇلۇغ قامۇسى.
ھەر بىر ھەرپ، ھەر بىر چېكىتى
دەۋرىمىزنىڭ ۋىجدان ـ نامۇسى.

*

زامانىمىز بەختىنىڭ تېگى،
قۇياشقا ھەقدار ئەۋلادىمىز بار.
ئۇنتۇپ قالما ئەتىكى ئەۋلات،
بۇ تارىخنىڭ بېشىدا بىز بار.

نامۇسۇڭغا سادىقمەن ۋەتەن،
ئۈچۈرمەيمەن ئىشقى ئوتۇڭنى.
رازى ئىدىم شائىرلىقىمدىن
كۈيلىيەلىسەم مۇھەببىتىڭنى.

1956 - يىل

# بەخت يۇلتۇزى

كىچىكىمدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزلەيتتىم،
ھەر ئاخشىمى قايغۇ كېلىپ باسقاندا.
تاپالمىدىم،
تۇۋا دەيمەن ئۆزەمگە،
نىمە قىلسۇن مېنىڭ بەختىم ئاسماندا.

مانا ئەمدى باقتىم سېنىڭ كۆزۈڭگە،
خۇشاللىمەنكى،
زارلانمىسام بولىتىكەن.
كۆزلىرىڭدىن مېنىڭ بەختىم كۆرۈندى،
يەنە كېلىپ مېنىڭ بەختىم جۇپ ئىكەن.

1956 - يىل، ئاۋغۇست

## تۈگىمەس ناخشا

ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن
شۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.

بۈگۈن ئاخشام ئۆتكەنىدىم يەنە
ناخشام بىلەن دەرىزە قېقىپ.
قەيەردىدۇ ئىشىك غىچىلداپ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ.

— جاقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
سارالىمىز سەن ئۈگشىلمايدىغان،
يا ئاداەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن،
قانداق ناخشا بۇ، تۈگىمەيدىغان؟!...

كايىما بوۋاي،
سەنىمۇ بىر چاغدا
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنىمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ —
تۈگىمەيدىغان!

1956 - يىل، ئاۋغۇست

## بىلمەپتىمەن

ئاق بۇلۇتنى قۇچاقلىغاندەك،
ئاق پاختىنى چىمداپ غولاچقا،
كەلگىندە شۇ قىز خامانغا،
قىزىرىپ كەتتى ئەجەپ، نېمىشقا؟

يىگىت كېلىپ ئالدى ئاۋايلاپ،
قۇچاق كېرىپ قۇچاقلىدى ئۇنى.
بىلەلمىدىم،
شۇندا يىگىتنىڭ
نېمىشقىدۇ تىترىدى تېنى.

كەچمۇ كىردى،
قايتتى باشقىلار،
ئۇنتۇپ قېلىشتى ئۇلار كېتىشنى.
ۋەدىلەشكەن ئىكەن ئىككىسى،
تۈگەتمەك بولۇپ ئەتىكى ئىشنى.

ياتار چاغ بوادى،
قايتمىدى يەنە.
ئۇلار ئۈچۈن مەن غەم يەپتىمەن.
سەۋەپ نېمە،

سۈرۈشتۈرمەيلا
بېرىپ ياردەم بېرەي دەپتمەن.

بارسام، پاختا دۆۋلىنىپ بوپتۇ،
قوچاقلىرى بوش ئەمەس، بىراق ...
ئەمدى بىلدىم يېڭىلگىنىمنى،
دەررۇ كۆزدىن يوقىلاي يىراق.

1956 - يىل

# بىرىنچى خەت

(بىر شائىرغا ئەتلمەت)

سالام يازدىم سېغىنىپ،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ھەيران بولۇپ كۆلمىگىن
«ساۋاتسىز»نىڭ خېتىگە.

كەتكىنىڭگە كۆپ بولدى،
خەت كەلمىدى سىزنىڭدىن.
نېمە بولدۇڭ، بىلمەيمەن،
رەنجىدىڭمۇ مېنىڭدىن.

بەلكى، مېنى تېخىچە
خەت بىلمەيدۇ دىدىڭمۇ؟
باشقىلارغا ئوقۇتسا.
سەت بولىدۇ دىدىڭمۇ؟

ئەنسىرىمە ئۇ يەردىن
كېلىۋەرسۇن خېتىڭمۇ.
توغرا يازساڭ ئادرىسنى،
سىرتقا چىقماس گېپىڭمۇ.

قۇلىغىمغا دەيدىغان
كېچىگىنىمۇ ياز ئەمدى.
قولۇم خەتكە ئۆگەندى،
قارغۇ ئەمەس كۆز ئەمدى.

1956 -يىل، سېنتەبىر

## سالتىغىمنى بەرگىن قولۇمغا

ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئار-
مىيىسى مىسىرغا ھۇجۇم قىلدى.
— گېزىت خەۋىرى

تۈنۈگۈنكى ماتەملەرنى ئۇنتالماي،
تېخى شاتلىق سىگنەي تۇرۇپ دىلىمغا،
گۈمبۈرلەيدۇ توپ ئاۋازى نەدىندۇ،
توختا!...
جەسەت پۇرايدىغۇ بۇرنۇمغا!...

كىمدۇ بۇگۈن قاتىللىققا بەل باغلاپ،
داغ چۈشۈرگەن دەۋرىمىزنىڭ شەنىگە؟
بىلدىم،
ئەنە، لوندون بىلەن پارىژدىن
ئۇرۇش ئاتلىق شۇم چىقىپتۇ سەھنىگە.

كۆردۈم،
ئەنە، قۇترىشىدۇ جاللاتلار
ئافرىقىنىڭ مۇنبىرىگە ئوق ئېتىپ.
كۆتىرەمدۇ بۈگۈن ئەرەپ پەرزەندى،
چەكسە بىرسى ماڭلىيىغا تاك ئېتىپ.

ئەنە،
سۇۋەيش بويلىرىدا ئىس - تۈتەك،
قېرى نىلنىڭ قەھرى تۈتتى .ئەلەمدىن.
ۋاقىرايدۇ:
— يېتەر ئەمدى تىلەش يوق
بەختىمىزنى ئۇ (ئىككىنچى) ئالەمدىن!

*

قېرى مىسىر، سەن تارىخنىڭ بۆشۈگى،
سېنىڭ قەھرىڭ چىن ئەرەپنىڭ ئىستىگى
ئاقدىل ئىنسان ھەممىسى سەن تەرەپتە.
كېپەن تەييار ئۇرۇشقا،
ئۆزىتىمىز ياۋۇزلارنى لەھەتكە.

*

تۈنۈگۈنكى ماتەملەرنى ئۇنتالماي،
تېخى شاتلىق سىگنەي تۇرۇپ دىلىمغا،
نىل بويىدا توپ ئاۋازى گۈمبۈرلەپ،
جەسەت ئىسى كېلىپ يەتتى بۇرنۇمغا.

تاقىتىم يوق قۇتۇرىشىغا دەھشەتنىڭ،
ۋىجدان - نوموس يول قويمايدۇ بۇنىڭغا.
ئۇندا جەڭدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان
ئەرەپ قىزى كۆز تۇتۇپتۇ يولۇمغا.

ئەزىز ئېلىم،
خالىمايتتىم ئۇرۇشنى،
بىراق بۈگۈن رۇخسەت بەرگىن ئوغلۇڭغا.
يالۇجياڭدىن ئۆتكىنىمدە دوست بولغان —
مىلتىغىمنى بەرگىن يەنە قولۇمغا!

1956 - يىل، ئۆكتەبىر

# كۆمۈر

(ئىككى شېئىر)

I

ئىچى - تېشىڭ قانچە قارا بولسىمۇ
بىر ئىللىقلىق يالتىرايدۇ ئەپتىڭدىن.
قارا جىسمىڭ تېپىشقاندا ئوت بىلەن،
شاتلىنىمەن ھۇزۇرلىنىپ تەپتىڭدىن.

مۇشۇ تاپتا كېلىپ قالدى يادىمغا
«رەڭگى قارا، مېھرى ئىسسىق» دېگەن گەپ.
بىراق سېنىڭ مېھرىڭدىنمۇ يالقۇنلۇق
خاڭچى ئوچۇن يۈرەكتىكى مۇھەببەت.

II

«ئىشنىڭ گۈلى ئوت» دەپتىكەن بوۋايلار،
ئۇل ئىچىدە، ئېيتقىن، قايسى ئىسىل گۈل.
دۇرۇس بولسا ئوتنى گۈلگە ئوخشىتىش،
مەن دەر ئىدىم: كۆمۈر ئوتى قىزىلگۈل.

1956 - يىل، 5 - دېكابىر

## ساڭ مۇدىرىنىڭ «زىيانداشقا قارشى» ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق

ئەشەككە كۈچلۈك
يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى.
— بوۋايلار سۆزى

«بۇرۇنلاردىن بۇرۇن» دەپ،
كەتمەيلى بەك ئۇزاققا.
يېڭى چۆچەك توقۇلدى،
قوشتۇم شۇنى قوشاققا.

«چىراي كۆرۈپ هال سورا»
دېگەن ئىكەن كونىلار.
نىم بولغاندۇ توختاخۇن،
خوشال ئىدى بايىلا.
يېپىشىپتۇ پېشكەللىك
ئەس، هۇشىنى گاڭگىرىتىپ.
«قازا كەلمەس كۆرۈنۈپ،
پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ».
بۇ ئەلەمنىڭ سەۋەبى
كەلمىگەچكە يادىغا،
كىرىپ باردى ئامالسىز
باشلىغىنىڭ ئالدىغا.

— ياردەم قىلىڭ ئادىلكا،
بېشىمغا بىر غەم چۈشتى.
ئامبارىدىكى بوغدايدىن
ئىككى مىڭ جىڭ كەم چىقتى.
چاقچىغىڭىز بارمىسىڭ،
يادۇشمەننىڭ ئىشىمۇ؟
قاتتى يالغۇز بېشىمنىڭ
ئىچىمۇ ھەم تېشىمۇ...
ئاڭلاپ بۇنى ئادىلچوك،
كايىپ كەتتى توختىنى:
«شۇ ئىشقىمۇ ئالاھەن
باشلىغىڭنىڭ ۋاقتىنى؟
ھەي، خۇدايىم، بەندىگە
دىتنى قوشۇپ بەرمىسە.
باشقىلارغا يۈك ئىكەن،
ئۆزىگىمۇ دە دىسە.
بىلمىدىڭمۇ شۇنىمۇ
ئىش كۆرمىگەن خام بالا.
بېشىڭ مۇنچە قاتماستى
دىت ئىشلەتسەڭ ئاز - تولا.
ئۆپچۆرىدە نىم تولا،
غاقىلىدىغان غاز تولا.
ئىككى مىڭ جىڭ بوغداينى
يەپ كەتكەنمۇ نەق شۇلار.
زىيان سالدى ئاشلىققا،
دىمەك، غازمۇ زىيانداش.

يارىمايدۇ بەختۇتلۇق،
كۆزۈڭنى ئاچ قېرىنداش.
چىقىپ ئەمدى غاز ئىزلە،
تۇتۇپ سولا پەم بىلەن.
پەلەن - پەشمەت دىگەنلەر
زوكۇنلاشسۇن مەن بىلەن...»

باشلىق دىگەن باشلىق - تە،
پۇختا ئىكەن ئىشىغا.
ئۇ بولمىسا، بۇ تەدبىر
كەپتۇ كىمنىڭ ئېسىغا.
قايىل بولدى توختاخۇن
رەھبەرلىكنىڭ پەمىگە.
غەم - قايغۇدىن يېنىكلەپ،
چۈشتى غازنىڭ پېيىگە.
بوش كەلمىدى توختاخۇن،
ئەپچىل ئىكەن قىلتاقتا.
شۇنداق قىلىپ ئەللىك غاز
چۈشۈپ قالدى سولاقتا.
مودۇي قوپتى ئەتىسى
«مەھبۇس» لارنىڭ ئىگىسى.
دىۋەيلىدى توختىغا
راسا قايناپ ئۇغىسى.
—«مەھكەم بولغىن ئۆزەڭگە،
ئوغرى تۇتما خوشناڭنى»—
دىمىگەنمۇ كونىلار،

ئەگە يېدىڭ ئاش -ناننى.
يا غازلارنىڭ بىرسىگە
ئاچچىقچۇقنى بەرگەنمۇ؟
ياكى سەن بىرەر غازنىڭ
تام تەشكىننى كۆرگەنمۇ؟
كۆچۈك يەتمەي ئىشەككە
ئۇرماقچىمۇ توقۇمنى.
چۈشۈم بىلەن ئىككىگە
راست بىرىپتۇ ئەقلنى...»
........................
تۈشمۇ - تۈشتىن ۋاقىراپ،
يەپلا كەتتى قولاقنى.
قورقىمىدىن توختاخىزىن
ئېچىۋەتتى سولاقنى.
جىدەل يەنە ئۇلغايدى،
ما چاتاقنى كۆرۈپ تۇر:
ئۇتتۇز «مەھبۇس» ساق چىقتى،
يىگىرمىسى ئۆلۈپتۇ.
قارغىش ياغدى توختىغا،
ئىش چوڭ يەرگە تاقالدى.
شۇ جىدەلنىڭ ئۈستىگە
ئادىلچوقمۇ كەپ قالدى.
دەۋاگەرنىڭ ھەممىسى
دىۋەيلىدى چۈشۈمغا.
بوش كەلمەيدۇ چوشۇممۇ

ئۇنداق - مۇنداق ھۇجۇمغا.
قوشۇمنى بىر تۇرۇپ
ھەيۋە قىلىپ توۋلىدى:
— ھەندىن سورا، نىمىشقا
غازلىرىڭنى سولىدى؟
ئويلاشقىنا ئامبارنى
ئەگىمگەن غاز بارمۇ؟
ئاش دىگەننىڭ ئالدىدا
قاناتلىقتا ناز بارمۇ؟
زىياندا شنى ئاياش يوق،
يۇقىرىدىن بۇيرۇق بار.
ئورۇنلاشقا بۇيرۇقنى
بىزدىمۇ چوڭ ھوقۇق بار.
زىيان سالدى غازلىرىڭ
ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىقىغا.
دەررۇ تەدبىر كۆرمىسە،
گەپ كەلمەمدۇ باشلىققا.
زىياندا شقا جازا بار،
ئەگىسىگە پەندىيات.
دەررۇ تارقاش ئۆيۈڭگە،
ئۆتكەن ئىشقا سالىۋات.
رەنجىشمىگىن مىنىڭدىن،
مەن ئورۇنلۇق قايىندىم.
قورقىدىغان يېرىم يوق،
پىرىنسىپتىن تايمىدىم...

1957 - يىل، باھار

# قار ئۈستىدىكى قۇش

(پىلڭ شۇفېڭدىن)

بىر ئېسىل قۇش بولغانىمىش،
ھۆسنىگەمۇ تولغانىمىش.
قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى
تۈزەشتۈرۈپ تۈرقىنى،
قار يېپىنغان دالىدا
سەيلە قىلىپ خالىدا،
كۆزى چۈشۈپ ئىزىگە،
زوقلىنىپتۇ ئۆزىگە:
«مۇشۇ مېنىڭ ئىزىمغۇ،
نەمە دېگەن ئېسىل بۇ!
مانا مېنىڭ ئىجادىم،
ھاسىل بولدى مۇرادىم...»
ئۇ بىر باشتىن يېزىپتۇ
ساقىت قىلىپ بويىندىن.
ماختىنىپتۇ خوش بولۇپ
بۇ ئىجادىي سەيلىدىن.
بىراق ئۆزى بىخەۋەر
قۇيرۇغىنىڭ پەيلىدىن.

سۈپۈرگەندەك قۇيرۇغى
سۆرۈلۈپتۇ كەينىدىن.
.......................
شۇڭلاشقا يوق مۇشتىرى،
ئۇقالمىغاچ ھەچبىرى...

1957 - يىل

## ئەلەم

سۆزلىدىڭ زوقلىنىپ ئۆزۈڭدىن،
ھېلىقى باراقسان سۆگەتنى.
رازى بوپ كەتكەندىم سۆزۈڭدىن،
قەدىرلەپ يۆردى دەپ شۇ پەيتنى.

بىلسەڭ، شەرتلەشكەن ئىدۇقمۇ
شۇ تونۇش سۆگەتنىڭ تۈۋىدە.
شۇ شەرتكە سۆيگۈنىڭ تامغىسى
بېسىلغان ئىككى ياش لېۋىدە.

ئاردىن كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى،
سەن بولدۇڭ كۆڭلۈمنىڭ شاتلىغى.
دېگەنتۇق: يۈرەككە سىڭدىمۇ
شۇ شېرىن سۆيۈشنىڭ تاتلىغى.

سېغىنىپ ۋەسلىڭنى بۇ ئاخشام
بارغانتىم شۇ سۆگەت بويىغا،
تېڭىرقىدىم ئىشەنمەي كۆزۈمگە،
پاتمىدى يۈرىكىم قىنىغا.

كۆردۈم مەن: شۇ سۆگەت ئاستىدا
ياندىشىپ تۇرۇپسەن بىرسىگە.

(مۇھەببەت، يولاتما ياشلىقنى
ئاشۇنداق ئەلەملىك نەرسىگە!)

رەشك ئوتى تۇتاشتى جېنىمغا،
چۈشەندىم بىۋاپا ئىكەنسەن.
شۇ يەردە ساڭا جۈپ گەۋدىگە
ماڭىمۇ دىگەننى دىگەنسەن...

بۈگۈن ياز،
سۆگەتمۇ باراقسان،
قورقمىغىن ھىچ، سېنى توناركىم.
كۆز كېلىپ غازاڭلار تۆكۈلسە،
سېنى كىم يوشۇرۇپ ئالاركىن.

1957 - يىل ئىيۇل. ئۈرۈمچى.

# بۈگۈن ھەم ئەتە

بابا بىرسى كالېنداردىن رەنجىدى
«شەنبە دىسەم، جۈمەكەنغۇ بۈگۈن» دەپ.
خاتاسىنى چۈشەندى ئۇ كۆڭۈلسىز
«يەكشەنبىمىز ئەتە ئەمەس ئۆگۈن» دەپ.

نۆۋەت ئېلىپ ئۆتسە بۈگۈن، ئەتىنىڭ —
كېلىشىنى بىلمەيتتىڭمۇ ئارقىدىن.
مەن ھەيرانمەن،
شۇنچە رەنجىپ بۈگۈندىن،
نېمە تېپىپ ئالماقچىدىڭ ئەتىدىن؟

ۋاقىت بىلەن ئويناشقىنىڭ نىمىسى،
ياكى ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ ئۆمرۈڭگە.
كۆرەلمەسەڭ دىدارىنى بىر كۈننىڭ،
قىسقارمامدۇ بىر كۈنلۈك يول ئۆلۈمگە.

مىنۇت ساناپ كۈن ئۆتكۈزۈش كۆڭۈلسىز،
غاپىل ئۆچۈن ھەرقاچان ئۇ يۈگەنسىز.
دوستۇم، ئەتەڭ قانچە قىزىق بولسىمۇ،
بىلىپ قويغىن، كەلمەيدۇ ئۇ بۈگۈنسىز.

1957 - يىل، دېكابىر

## پۇشايمان

كۈن يۇگرۇپ، ئايلار ئاتلاپ، يىل ئۆرۈلدى،
يىرتىلدى ئاخىرقى بەت كالىنداردىن.
ئۇزاتتى سېخى ۋاقىت يەنە بىر ياش،
ئايىماي ئۆمۈر دىگەن خەزىنىدىن.

ئەينەكتىن تىكىلگەنتىم يۈز - كۆزۈمگە،
كىرىپتۇ خېلى بەركەت ساقالغىمۇ.
تېخىمۇ چاقچاق قىلىپ يۈرەلمەسمەن،
ھە، ئەمدى قىزلار تۈگۈل، چوكانغىمۇ.

يىل ئۇزاپ، يىل بېشىغا يەتتۇق يەنە،
١ سەن ئۇزاپ كەتمىدىڭمۇ بەگۇۋاشلىغىم؟
چۆرەمدە تاغدەك ئىشلار ئۆرە بوپتۇ،
مەن يەنە قۇرۇق قوللا كەلگەن چېغىم.

كەت، يوقال كۆزدىن نېرى، بەگۇۋاشلىغىم،
باشلىما ھەر تەرەپكە ياشلىغىمنى.
بىلەمسەن، رايىم قايتتى دەۋەتىڭدىن،
گېپىم شۇ، ئېيتسام ساڭا راستلىغىمنى.

بەس ئەمدى، پۇشايمىنىم بىللە كەتسۇن
تېتىقسىز بەڭۋاشلىقنىڭ شورى بىلەن.
مەنىسىز ئۆسكەن مېنىڭ ساقاللىرىم،
ئاقارسۇن ئەمدى ئەقىل نۇرى بىلەن.

1957 - يىل، 31 - دېكابىر.

# سارىيه

> كېنىيىلىك سارىيه دىگەن ياش ئايال مۇستەملىكىچى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ، هاراق بىلەن مەس قىلىپ، ئارقىدىن ئۇلارنى بىر- بىرلەپ جەمىقتۇردى. بەختكە قارشى بۇ ئايال قولغا ئېلىنىپ، قەهرىمانلارچە قۇربان بولدى.
>
> — گېزىت خەۋىرى

سارىيه،
سارىيه،
كېنىيە قىزى،
خاتىرەمگە سىڭدىڭ شۇ دەم سەن،
مۇبادا كىچىك بولساڭ سىڭلىم سەن،
يا چوڭ بولساڭ مەندىن، هەدەم سەن.

سارىيه،
سارىيه،
سالام سارىيه!
تەرىپىڭنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن،
ماتەم تۇتۇپ ساڭا قەلبىمدىن،
قەۋرەڭگە گۈلدەستە ئۇزاتتىم.

*

ئاشۇ كۈنى
لوندون قۇزغۇنى
ئەگىپ، قونۇپ سېنىڭ مەلەڭگە.
چاڭگال سېلىپ يۇرتداشلىرىڭغا،
غەزىۋىڭگە بولدى سەرەڭگە.
قېنىڭنى قاينىتىپ غەزەپنىڭ تەپتى،
ئىنتىقام سېنى ئۈندىدى جەڭگە.

ئاشۇ پەيتتە،
بەرى يات ئىدى
ۋۇجۇدۇڭغا غەزەپتىن ئۆزگە.
بىراق لېۋىڭنى كۈلكىگە زورلاپ
ۋە تىلىڭنى «چىرايلىق» سۆزگە،
قۇزغۇنلارنى شاراپقا چىللاپ،
دېدىڭ: «مېھمان بولۇڭلار بىزگە.»

شۇ سۆزدىن ئۇلار «قەدرى»نى سىناپ
ئولتۇرماستىن تەكەللۇپ سېتىپ،
كەلدى ئۆيۈڭگە كۈلۈپ - كالچاراپ،
ئېغىزلىرى قۇلاققا يېتىپ،
ئافرىقىلىقنىڭ «ھالاۋىتىنى»
كۆرمەك بولدى بەزمىدە تېتىپ.

ساريه،
جىمجىت ئۆتتى دىمگىن
دەرتمەن يېزاڭدا ئاشۇ كېچىنى،
سۆز - چۆچەك بولۇپ سېنىڭ جۇمبىغىڭ
كەزدى ھايالسىز مەلە ئىچىنى.
غەزەپلىنىپ ساڭا بەزىلەر:
ئاتتى شەپقەتسىز لەنەت تېشىنى.
«ۋىجدانىنى ساتتى ساريه.»
«ئەل - يۇرتىنى ساتتى ساريه.»
«ئەل - يۇرتىغا زەھەر بەرگەنگە
شىرىن شاراپ تۇتتى ساريه.»
«شاراپ ئەمەس ياۋغا تۇتقىنى،
كېنىيىنىڭ نومۇسى، قېنى.»
«ئىست ساريه، ۋىجدانىڭ قېنى؟»
«ساريه،
ساريه،
ئانا ۋەتەنىڭ

قەھرۇ - غەزىۋى تۇتىدۇ سېنى!...»
بىراق بەزىلەر غەۋغانى بېسىپ
قاينىغانلارنى كەلدى قايتۇرۇپ:
«باشقا ئوي باردۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە
سەككىز دېڭەڭلار سانىماي تۇرۇپ.»
«نەپرەت پەقەت غەزەپتە ئەمەس،
كۆلكىگىمۇ نەپرەت سىغىدۇ.
ئۇ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ تەبەسسۇملارغا،

تۆيدۇرماستىن ياۋنى بوغدۇ.»
«سارىيە — ئۇ غەزەپ، ئىنتىقام
چېچىدىن تا تىرنىغىچە.
ئۇ يېڭىلمەس باسقۇنچىلارغا
تا ئاخىرقى تىنىغىچە...»

شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆيۈڭدە بەزمە،
«مېھمان»لىرىڭ ئىچەتتى شاراپ.
سېنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمىڭغا
قىزغىنىشىپ تويمايتتى قاراپ.
ئىچىشەتتى
ئاشۇ تەبەسسۇم
نىقاپ سالغان يۈزۈڭگە قاراپ.
ئىچىشەتتى
غەزەپ ئوتىنى
تەسلىكتە يوشۇرغان كۆزۈڭگە قاراپ.

ئىچىشەتتى
بىر بىرسى بىلەن
ئۇنى تالىشىپ، بۇنى تالىشىپ.
يېپىشاتتى سېنىڭ چۆرەڭگە
بىر بىرسىدىن سېنى تالىشىپ.

تىللىشاتتى سېنى تالىشىپ،
مۇشتلىشاتتى قالماي تەخىرى.
«ھەركىم بەختىنى سىناش»قا كۆنۈپ
كارتىلارنى يايدى ئاخىرى.
ئاچرىتىلدى نۆۋەت قاتارى،

كارتا بولدى «خالىس پۈتۈنچى».
سارىيە،
سەندىن «لەززەتلىنىش»كە
«تۈز» — بىرىنچى،
«كارول» — ئىككىنچى...
كۆرۈپ تۇرۇپ شۇنى سارىيە،
ھېچ بۇزمىدىڭ يەنە چىھرەڭنى.
تاقىتىڭنىڭ چېكى نەدىدۇ،
نەگە يوشۇردۇڭ شۇنچە قەھرىڭنى.

سۇندۇڭ شۇندا ئۇزمەي شاراپنى
ۋە ئۆزەڭمۇ يالغان مەس بولۇپ،
بىراق قەلبىڭدە قەدىرىڭنى بەتلەپ،
تەييارلاندىڭ زەپەردەست بولۇپ.
«مېھمان»لىرىڭ شەرتىڭگە كۆندى،
تۆگىتىشكە ئىچىپ بەرنى.
ئىچە-ئىچە قىيسايدى بىرلەپ
ۋە جىمىقتى بەزمە سۈرۈنى.

تەبەسسۇمنى قويغلاپ شۇ چاغدا
غەزەپ ئۇرغۇپ چىقتى چېھرەڭگە.
قانلىق جەڭدە سەزدىڭ ئۆزەڭنى،
قىساس بۇيرۇق بەردى قەھرىڭگە.
كارتا ئايرىغان نۆۋەت بويىچە
خەنجىرىڭنى سانچىدىڭ بىر-بىر.
«ئۆز بەختىنى سىناشتى» ياۋلار،
بەزمىدىن كېيىن شۇ بولدى تەقدىر.

سارىيە،
سارىيە،
كېنىيە قەھرى،
ياۋ كېكسىنى تىلغان ئىنتىقام.
مەرتلىكىڭنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن
ئۇررا توۋلاپ كۆتەردىم چوقان.

سارىيە،
بىراق قالمىش ياۋلىرىڭ
خۇددى ئىتتەك ئىزىڭنى قىغلاپ،
تىمىسقىلاپ ھەريان سوراقلاپ،
قىساسكارنى قاتىل دەپ تۇتۇپ،
دار ئالدىغا ئېكەلدى باغلاپ.

دار ئالدىدا ئۆكىمىدى يۈزۈڭ،
غەزەپتىن يالقۇن چاچاتتى كۆزۈڭ.
«تۈگىتەلمەيسەن بىزنى ئۆلتۈرۈپ...»
شۇ بولدى سېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ.

قوللىرىڭنى باغلاپتۇ شۇنچە،
بىراق قەلبىڭ يېيىپتۇ قانات.
سېنى قاتىل ئايىردى جاندىن
بىراق سېنىڭ قىساسىڭ ھايات.
جاللات ئۆزىنى ئوخشىتىپ دارغا
پەستىن سېنى تارتىدۇ، ئەنە.
بىراق دار قانچە ئېگىز بولسىدۇ،

سېنىڭ قىساسىڭنىڭ ئاستىدا يەنە.
پەرۋاز قىلار سېنىڭ قىساسىڭ،
ۋە دېڭىزدا ئۈزەر غولاچلاپ.
چاقىرىدۇ ياۋنى قىرىشقا
ۋەتەندىشىڭنى كۈرەشكە باشلاپ.

*

سارىيە،
سارىيە،
كېنىيە قىزى،
خارلانغان ئەلنىڭ قىساس خەنجىرى.
ئېلىڭ بولۇپ قەھرىڭگە ۋارىس،
ئۈزۈلەر بىر كۈنى قۇللۇق زەنجىرى.

1959 — 1960 - يىل.

## ئۆزۈم ئۆزگەندە

ئۆزۈم پىشتى،
شەربەتكە تولدى.
ھەر ساپاق بىر سىۋەتكە تولدى.
«نەمۇنچى تەك»نى ئۆزگەندە،
مۇخبىر كېلىپ سۈرەتكە ئالدى.

ئۇ، بىر قىزنى يانداپ توختىدى،
ئاشۇ قىزنى ھەممە ماختىدى.
بىراق قىزچاق ئۈركۈپ كىيىكتەك،
«ياق... سۈرەتكە خۇشتۇم يوق» دېدى.

مەن ئارىلىشىپ، «قاچماڭ» دېۋىدىم،
چەتتى شۇ سۆز تىترەپ لېۋىدىن:
«مۇنچە ئايىرىم سۈرەتكە تارتىپ،
داڭلىغۇدەك نېمە قىلىۋىدىم؟»

سايى قىلدۇق،
زادى كۆنمىدى.
لېكىن سۆزى تۈزۈتىسىز ئىدى.
«نېمانچىلا قىلىسىز؟» دېسەك،
«داڭلىنىشتىن قورقىمەن» دېدى.

قىزىقسىنىپ ئۇنىڭ گېپىدە،
دېدىم: «بۇ ئىش ئەلنىڭ ئىلكىدە.
ئەل داڭلايدۇ
كىمكى تەر تۆكۈپ
ئېرىشسە ئەلنىڭ مۇھەببىتىگە.»

دېدى: «مۇشۇ ئۈزۈمگە بەلكىم،
سىڭگەن بولسا مېنىڭ ئەمگىكىم،
ھۆزۈرلانسا يېگەندە خەلقىم،
شۇدۇر مېنىڭ ھۆزۈرۈم، داڭقىم.»

*

باغۋەن قىزى،
مېنىڭ مەشۇغۇم،
ئارتتى ساڭا زوقۇم ـ خوشلۇغۇم.
چۈشمىسەڭمۇ سۈرەتكە، مەيلىڭ،
لېكىن مېنىڭ پۈتتى قوشۇغۇم.

1959 - يىل سېنتەبىر، تۇرپان.

## بىر يىگىتنىڭ خاتىرىسى

مۇھەببەتسىز گۈللەردىن ئەلادۇر ياپراق،
بىبەھرى كېيادىن ئەۋزەلدۇر تۇپراق.
بىئەقىل يولداشتىن ياخشىدۇر تاياق،
كور كىشىگە يۆلەر يولىنى بىلدۈرۈر.
— «يۇسۇپ - ئەخمەت» داستانىدىن

چىقتى ئېتىزغا سېكىلەك،
ياغلىغىنى چىلىق چېكىلەپ.
باققا ئۇنى قىلدىم شەرەت،
كېلەرمىكىن دەپ ئەركىلەپ.

قاراي دېمەيدۇ قايرىلىپ،
قانداق كېتەي مەن ئايرىلىپ؟
يىپسىز ئاڭا مەن باغلىنىپ،
يۈردۈم قېشىدا چۆگىلەپ.

بىر چاغدا ئاستا گەپ ئېچىپ
باقسام شۇ گەپتىن گەپ تېشىپ،
گەپنى يىراققا ئەپقېچىپ،
دەرت سالدى دەرتكە تۆپىلەپ.

ئاخىر چىدالماي «ئاھ» دېدىم،
ئاۋال قېشىنى ماختىدىم.

«كۆيدۇم، مادارىم يوق، دىدىم،—
كەلدىم شىپا- دەرمان تىلەپ.»

شۇ چاغدا قىزچاق بىر قاراپ،
دىدى. سۇنۇپ بىر تال تاياق:
«قاپسىز ھېرىپ، يۇرمەك ياياق،
سىزگە بولار شۇ يار- يۆلەك.»

ھەيران بولۇپ بۇ سۆزگە مەن،
رەنجىشتە ئېيتتىم قىزغا مەن:
«كىم بوپ كۆرۈندۇم سىزگە مەن،
قىلغانىمىدىم تاياق تەلەپ؟»

شۇ چاغدا يەنە دىدى قىز:
«يوق ھېچ مادارىم دىدىڭىز،
بولسۇن بۇ سىزنىڭ ئېيتتىڭىز،
مىنىپ كېتىڭ خا يېتىلەپ.»

دىدىم: «مېنى بىلمەك مېيىپ،
يوق قىلچە بەستىدە ئەيىپ.
گەر ۋەسلىڭىز بولسا نېسىپ،
مېڭىپ چىدايمەن ئۆمىلەپ.»

دىدى: «چۈشەنمەي گەپنى سىز،
قايمۇقتىڭىزغۇ زەپمۇ سىز،
بىلمەيدىكەنسىز سەتنى سىز،
شۇڭا يۈرۈپسىز تەمتىرەپ.»

ئۇنداق ۋىسالنى ئەمدى سىز
تاپماققا ئاجىز بۇندا سىز.
نەلەردە قالغان بەندىسىز؟
بۇ سودىدىن يوق سىزگە نەپ.

بۇ چاغدا ھەر بىر پەيتتە بىز
ئىشتا سىنايمىز مەرتنى بىز.
قانداق ئۆتەيسىز شەرتنى قىز،
بىر ئۆملەپ، بىر تەمتىلەپ.

ئويلاڭ، زامانغا سەپ سېلىڭ،
ئېغىزنى چايقاپ گەپ قىلىڭ.
ئۇشبۇ تاياقتىن نەپ ئېلىڭ،
ئەجەپ ئەمەس كەتسە يېلەپ.

بۇ بىر قۇرۇق تال بولسىمۇ،
قاشاڭ ئۇلاققا قامچا بۇ.
قارغۇغا بولغاي يۆلچى بۇ،
ھەر چامدىمنى بەلگىلەپ.»

ئاغزىم تۇۋاقلاندى شۇ ئان،
تەرگە چۆمۈلدۈم شۇ ھامان،
بولۇپ يولۇمغا مەن راۋان،
ماڭدىم ئۆزەمنى جىملەپ.

دىدىم ئۆزەمگە شۇندا مەن:
راست، نەدە قالغان بەندىمەن؟

تۈز يولغا چامداي ئەمدى مەن،
يۈرمەي تولا ئېزىپ - تېنەپ.

يول تاپتىم ئاخىر «يولچى»دىن،
ھوشۇمغا كەلدىم قامچىدىن.
گۈل تەرمىسەم تەر - ئۈنچىدىن،
يوقكەن ماڭا ھىچ ياخشى گەپ

1959—1961 - يىل، تۇرپان - غۇلجا

## سۇ كەلدى

تاش ئويۇپ، ئۆستەڭ قېزىپ سۇ ئەكەلدۇق،
تاغلاردىن، يەر تەكتىدىن، بۇلاقلاردىن.
تەبىئەت تىلسىمىنى تەسلىم قىلىپ،
ئۆتمەكتە ئۆملۈك يولى سىناقلاردىن.

تۇرپاننىڭ چاكىلدىغان تەشناسىغا
قۇيۇلدى زۇمرەت ئېقىم شاۋقۇن سېلىپ.
ئويغاندى تالاي دەشتلەر ئۇيقۇسىدىن،
ئۇيقۇغا ئەمەس، بەلكى سۇغا قېنىپ.

كۈلدى يەر، كۈلدى ئېتىز، كۈلدى باغلار،
سىم بويلاپ ئۆستەڭلەردىن چىقتى يۇلتۇز.
كۆز تىكىپ بۇ كارامەت سەھنىسىگە
ئېسىمگە كېلىپ قالدى كونا بىر سۆز:

ئۆتكەنمىش «كارامەتلىك» بىر ئەۋلىيا،
بۇ يۇرتتىن كۆڭلى رەنجىپ ئوقۇپ ئەپسۇن،
قولنى تەتۈر ئۆرۈپ قاغاپتىمىش:
«ئاستىڭ كۆل، ئۈستۈڭ چۆل بوپ ئۆتۈپ كەتسۇن!»

راست بولسا ئەۋلىيانىڭ ئۆتكەنلىگى،
راست بولسا ئەۋلىيانىڭ بەددۇئاسى،

راست بولسا بەددۇئانى قوبۇل ئەتكۈچ،
نېمىدۇ شۇملۇق تىلەپ مۇددىئاسى؟

راست بولسا شۇ ئەۋلىيا، كۆرسۇن بۈگۈن،
دەۋرىمىز قۇدرىتىگە نېمە دەركىن؟
بىز كۆلسەك ئاشۇ يالغان رىۋايەتكە،
كىملەردۇ دۇرۇت ئوقۇپ تۇرار بەلكىم.

ئەپسۇنلار، بەددۇئالار، ئەۋلىيالار
نادانلىق، ئەركسىزلىك يالدامىسى.
شۇگىلاشقا بىر تامچە سۇ ئىچمەك ئۈچۈن
تۆكۈلدى ئەلنىڭ تۈمەن دۇردانىسى.

ئۆمۈرلۈك تەشنالىقى بىر قانمىدى
قازسىمۇ قانچە پەرھات قانچە بىستۇن.
ئەمدىچۇ، زامانىمىز قۇدرىتىدىن
قىلدۇق بىز تىلسىملارنى ئاستىن - ئۈستۈن.

سۇ كەلدى، شېرىن كەلدى قوشاق ئېيتىپ،
جىمىقتى چاكىقاقلىقىنىڭ پەرياتلىرى.
كارامەت ئاچقۇچىدۇر ئازات ئەمگەك،
ئەۋلىيا - زامانىمىز پەرھاتلىرى.

١٩٦٩ - يىل ماي، تۇرپان

## ئامرىغىم

ئەرىغىم كۆڭۈل شادى،
ساڭا بىر گېپىم بادى.
كۆڭلۈمگە ئارام يوقكەن
بۇنى ئېيتمىسام زادى.

كۆردۈم سېنى تومۇزدا
ئىش قايىنىغان ئېتىزدا.
يەلكەن بولۇپ ئۈزۈپسەن
ئاق ئالتۇنلۇق دېڭىزدا.

يۈرىكىڭنى كۆردۈم مەن
پېشانەڭدىكى تەردىن.
ئۆرۈمگە بىلىپ ھەمدەم
كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم.

1960 - يىل، تۇرپان

# ئۆتكەل

بىز بۇ مەنزىلگە كەلدۇق يىراقتىن،
يەلكىمىزگە ئېغىر يۈك ئارتىپ.
ھېچكىم بىزنى ئەكەلگىنى يوق
باغاق يېزىپ تويغا قىچقارتىپ.
كەلدۇق ئۆزىمىز تارىخ يولىدىن،
ھۇقۇش ھۇۋلىغان زۇلمەت چۆلىدىن.
بەخت بېغىغا كۆيۈپ - ئىچ تارتىپ.
سىنالمىغان يوللارنى بېسىپ،
داۋان ئېشىپ يولنى قىسقارتىپ.

بىز بۇ مەنزىلگە كەلدۇق يىراقتىن،
لەپىلدىتىپ لېنىن تۇغىنى،
سەپلەر تۈزۈپ قەدىم شەرقتىن.
سانساق،
بۇ قىزىل يۈرۈشنىڭ
يېشى ئەمدى ئاشتى قىرىقتىن.
بىراق بىز يۈكنى ئالدۇق نېرىدىن —
بۇنىڭدىن نەچچە ئۇزۇن تارىختىن.

ئاتلار ئورۇق،
يوللار ئۆرە ئىدى.

سانسىز كۆلپەت يولنى توردى.
قانلار ئىچىدە ئۆزدۇق تالاي يىل،
قانچە لۆجىلەر ئارتقا سۆردى.
بوي بەرمىدۇق،
چۈنكى يۈرەكتە
پارلاق مەنزىلگە ئىشەنچ زور ئىدى.

ئۆتكەل ئاشتۇق دەشتلەرنى كېزىپ،
يۈگۈك بولۇپ تاغنى ئۆلتىپ.
جەڭ نەغمىسى چىقتى ئەۋجىگە،
چۇقان سالدۇق ۋەتەن بويلىتىپ.
يېتىپ كەلدۇق مۇشۇ مەنزىلگە
تۇلپارلارنى چېپىپ ئۇينىتىپ.
بوران بولۇپ بۇلۇتنى قوغلاپ،
چولپان بولۇپ تاڭنى ئويغىتىپ.

تاڭ ئويغاندى
شەرق سۆزلىدى
دوزىخى زۇلمەتكە يەتتى قىيامەت.
شۇ زۇلمەتنىڭ خارابىسىدە
جەۋلان قىلىپ قىزىل كارامەت،
ۋەيرانىلەرنىڭ ئاۋات بىناسى
قۇياشتەك چاقناپ كۆتەردى قامەت.

بۇ بەختنىڭ ئايەم - ھارپىسى،
گۈلىمىزنىڭ پورەك - غۇنچىسى.

بۇ، هارپىنىڭ داستىخىنىدا
سۇنۇلغان جامنىڭ تېخى تۈنجىسى.
بىراق قەدىردگە يەتكەنلەر ئۈچۈن
ئەسىرلەر چاڭقاپ ئۆتكەنلەر ئۈچۈن،
زەھەر-زوقۇم يۇتكەنلەر ئۈچۈن
دېڭىزغا تەڭ ئۇنىڭ تامچىسى.

بېسىپ ئۆتتۇق قانچە ئۆتكەلنى
ھەلىمۇ بىز ئۆتكەل ئۈستىدە.
بىراق چارچاش يات ۋۇجۇدىمىزغا.
بىز قىلچىمۇ تىنىمەيمىز نەپ،
يالغان ئېيتىپ مەشۇغىمىزغا
لاپ تولدۇرۇپ قوشۇغىمىزغا.
تولا ھەجايىماڭ «ئاق ساراي»لىقلار،
مۇنچە تىكىلىپ تېلىسكوپ بىلەن
بىزنىڭ ئانچىكىم قوسۇرىمىزغا.
كاسات بازار ئىغۋالىرىڭىز،
چاك-چاك كەتكەن پەتۋالىرىڭىز
ۋەھىمە سالالماس قوشۇنىمىزغا.
بۈگۈنگۈ بىزدە تويىنىڭ هارپىسى،
ھەتتا گىيا يىگەن چاغدىمۇ،
دۇئا قىلىپ ئىنساۋىڭىزغا
بارمىدۇق ھەم مەڭگۈ بارمايمىز،
ئۆلۈم، باش قويۇش بوسۇغىڭىزغا...

*

دوستۇم، ئەتىمىز نەقەدەر ئىسىل!
ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىدىن خىجىل.
جەننەتنىڭ ھۆر-پەرى قىزلىرى.
ئەنە، بەختىمىزنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ
كۈلۈپ ئۇنىڭ گۈزەل كۆزلىرى.
پارلاق مەنزىل ئىشقىدا يېنىپ،
ئۇچۇپ بارماقتا سۇمرۇققا مىنىپ
قىزىل جۇڭگونىڭ ئەزىمەتلىرى —
ئىنقىلاپنىڭ چەۋەندازلىرى
ئۇر دۇمباقنى
چۇشسۇن ئارقىدىن
«ھاي يولەن»نىڭ نەغمە-سازلىرى!
سۆزىمىزگە ئىسپات-دالالەت،
تويىمىزغا ئايغاق-بەشارەت
ئۆتكىلىمىزنىڭ شانلىق ئىزلىرى.

1961 - يىل، دېكابىر

# سېتېۋېنسونغا رەددىيە

ئامېرىكىنىڭ ب د ت دىكى باش ۋەكىلى ستېۋېنسون جۇڭگونى يەنە «رەھىمسىز»، «تاجاۋۇزچى» دەپ ھاقارەتلىدى.

— گېزىت خەۋىرى

بىز تۆرەلدۇق
بىزگە ھاياتلىقنى راۋا كۆرمىگەن.
كونا دۇنيانىڭ ئاياق ئاستىدىن.
چىدىغۇسىز كۈلپەت دەستىدىن.
بىز تۆرەلدۇق
قاتىللارنىڭ قورشاۋىدا،
قىلىچلارنىڭ بىسىدىن،
بومبىلارنىڭ،
زەمبىرەكلەرنىڭ
پارتلىشىدىن، گۈمبۈرلىشىدىن،
سېسىق، بۇرۇقتۇم تۈتەك ئىچىدىن.

بىز خالايتتۇق
ھاياتلىققا كۈلۈپ كېلىشنى.
لېكىن تۈردۇق قوشۇمىمىزنى
كۆرگەچكە دۇنياغا كۆز ئاچقان ھامان
بىزگە تەڭلەنگەن قانلىق قىلىچنى.

كۆردۇق شۇ چاغدا
ئاشۇ قىلىچتا
ئۇئوللى سىترىتنىڭ تامغىسىنى بىز.
ئۇئوللى سىترىت،
ئەنە شۇنىڭدىن
ئاتا دۇشمەن دەپ بىلگەن سېنى بىز.
بىلگەن ئىدۇق
سانسىز قۇربانلارنىڭ قىزىل تىرنىغى
سېنىڭ بوينۇڭدا ئىكەنلىگىنى.
بىلگەن ئىدۇق
تىلىڭدىن شېكەر تامغان چاغدىمۇ
خەنجەر قوينۇڭدا ئىكەنلىگىنى.
شۇڭلاشقا بىز
قىساس ئانىسىدىن دۇنياغا كەلدۇق.
شۇڭلاشقا دۇنياغا ئۆزىمىز بىلەن
ساڭا چەكسىز نەپرەت ئەكەلدۇق.

بىز كۆرۈپ ئۆستۇق
تىلەمچىنىڭ ھۇرپىيىشىنى،
جاللات كۆزىنىڭ چەكچىيىشىنى.
بىز ئاڭلاپ ئۆستۇق قاغىشلىرىڭنى،
چىشلىرىڭنىڭ غۇچۇرلىشىنى.
شۇڭا دارىتمىدۇق ۋۇجۇدىمىزغا
سەندىن ئىنساپ ـ شەپقەت كۈتۈشنى.
ھە، شۇڭلاشقا
بىر قولدا كەتمەن يا قەلەم تۇتساق،
ئۆگەندۇق بىر قولدا مىلتىق تۇتۇشنى.

سەن دىگەندەك،
بىزنىڭ باغرىمىز
كۆرۈنگىنى راست ساڭا تاش بولۇپ.
بىراق باغرىمىزنى شۇنداق قاتۇرغان
سەن ئەمەسمۇ تاش ـ مۇشت ياغدۇرۇپ.
قانلىق تىغلىرىڭ قوينۇڭدا تۇرسا،
بىز ساڭا قانداق قۇچاق كېرىمىز؟
شۇملۇق ئۈنۈپ تۇرسا ئىزىڭدىن،
شۇمپەيلىڭ ھومىيىپ تۇرسا كۆزۈڭدىن،
بىز ساڭا قانداق مېھىر بېرىمىز؟

بىز خالايىقتۇق
تانكىلاردىن تىراكتور ياساپ
ۋە قىلىچتىن ئوغاق سوقۇشنى.
بىراق
سەن قان ئىچىپ دەندىگەن جاللات
يالىڭاچلاپ تۇرساڭ قىلىچنى؛
«بەسلىشىپ ئوما ئورايلى، كەل» دەپ،
خالىمايمىز ئۇنىڭ بەسىغا
بېشىمىزنى تۇتۇپ بېرىشنى.
بىز بىلىپ تۇرۇپ ياۋۇز پەيلىڭنى،
نىمشقا ئەقلىنى قىلىمىز تەسلىم
نادانلىققا ـ ساڭا ئىشەنچكە؟
ياق،
تارىخ ئالدىدا گۇناكار بولۇپ
تىلىمىزنى ئۆگىتەلمەيمىز
سەندىن ئادالەت ـ شەپقەت تىلەشكە!

بىزنىڭ قەلبىمىز تولغان لىق-لىق
ئىچىلىققا مۇھەببەت بىلەن.
ئىچىلىق ئىبخى قورشاۋدا تۇرسا،
سالاغا چۈشۈپ خەتەر-خەۋپ بىلەن.
ئۆزدىمىزنى،
ئىنسانىيەتنى
ئالدىغالمايىمىز قورقۇق گەپ بىلەن.
ئاپەتتىن ئاسرايىمىز ئىچىلىقنى بىز،
كۆرەش سېپىدە تاقابىل تۇرۇپ
ساڭا قارشى ئۆچ-نەپرەت بىلەن.

مەيلى، بىزنى سەن قانچە قارغىغىن،
مەيلى، قانچە چاپلىغىن تۆھمەت،
چېچۇتەلمەس بۇ بىزنى قىلچە
تۇغدۇرالماس ئىماقچە ھەسرەت.
بىراق
ماختىغىنىڭ ھەممىدىن دەھشەت.
شۇڭلاشقا بىز باشقا يول ئېلىپ،
سېنىڭ رايىڭغا قارشى ئىش قىلىپ.
ئىچىلىق سۆيەر ئىنسانىيەتتىن
ئالىمىز رەھمەت.

مۇھەببەت، نەپرەت — بىزگە قوش خىسلەت،
لېكىن ساڭا خاس نەپرەت-قەھرىمىز.
ساڭا قارشى ئاشۇ نەپرەتتىن
ئىچىلىقنىڭ گۈلىستانىغا

سىڭىپ باردۇ ئەجىر - بەھرىمىز.
ئۆلچىنىدۇ شۇ نەپرەت بىلەن
يېڭى دۇنياغا،
ئازاتلىقنىڭ تەشنالىرىغا
بىزنىڭ سەمىمى، چوڭقۇر مېھرىمىز...

1961 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

## ئۈزنەش

كېتسەن جەڭچى يىگىت،
چېگرا بويىغا كۆز بولۇپ.
قالدى كۆڭلۈم ئاسمىندا
ئىشقى ئوتۇڭ يۇلتۇز بولۇپ.

كۆزلىرىڭ چېگرادا بولسا،
سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن.
ھەمنەپەسمەن سەن بىلەن،
كۆڭلۈمدە سەن، ئۆمرۈمدە سەن.

1961 - يىل

## يوللۇق ئالما

يوللۇغۇم بولسۇن ساڭا
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سېغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال مېنى!

بۇزمىغىن كۆڭلۈڭنى سەن،
يوق دەپ غېرىبلىق دارىسى.
كەتتىغۇ سېنىڭ بىلەن
بىللە يۈرەكنىڭ پارىسى.

1961 - يىل

# «ئاسەن»نىڭ شىكايىتى

يېقىندا يولداش ماۋزېدۇڭ
مۇبالىغىچىلىقنى قاتتىق تەنقىت
قىلدى.

ئەۋلاتلاردىن ئەۋلاتلارغا قالغانمەن،
بىر مەندە خىلمۇ-خىل نام ئالغانمەن.
يا مىللەتلىك، يا سىنىپلىق چېكىم يوق،
ئادەم ئۈچۈن ئورتاق نېسىپ بولغانمەن.

كەزدىم، كۆردۈم تالاي تارىخ، قىسسەتنى،
ھەركىم ماڭا تاڭدى ھەر خىل خىزمەتنى.
ۋەزىپەم شۇ: پەرق بىلەن نىسبەتنى
ئايرىش ئۈچۈن، ئۆلچەش ئۈچۈن مىزانىمەن.

گايى ئۈستە، گايى چاغدا پەستە مەن،
گايى ياخشى، گايى چاغدا ئەسكى مەن،
راستچىللارغا مىزان بولسام، راستچى مەن،
يالغانچىلار ئىشلەتكەندە يالغان مەن.

بەك خورلاندىم يالغانچىلار دەستىدە،
ئىشلەتكەندە ئۇلار رەزىل قەستىگە.

تۆھمەت بولۇپ چىقىپ ھەقنىڭ ئۈستىگە،
ئادەملەرنى قايتۇرغان تۇمان مەن.

ھالىگەرلەر ھەقىقەتتىن ئۆرۈپ لاپ،
بازار تاپتى ھەريان چىپىپ پوسۇرلاپ،
شۇ مەككارغا چاپان بولدۇم خىزىر باپ،
ئۆلىمانى ئېزىقتۇرغان شەيتان مەن.

تەكتى قاتىل، قىياپىتى مېھرىۋان،
يالغانلاردىن تىۋىپ بولۇپ ئىچتى قان،
غاپىل ئىنسان سەزمەي ئۇنى بەردى جان،
ئۇ قاتىلنى كۆرسەتكەچكە لوقمان مەن.

چاشقانلارغا «ئاغمىخان» دەپ نام بېرىپ،
«شانىياز»نى ئۇخلىغىن دەپ يالۋۇرۇپ،
ئۇ ئويغانسا، يەر ئاستىدىن يول بېرىپ،
كۆپ چاشقاننى ساقلاپ قالدىم ئامان مەن.

رەنجىشلىرىم كۆپ بولسىمۇ ئۆتمۈشتىن،
قالغىنىم يوق ھەق جايىمنى تاپماستىن.
تونجى قېتىم ھەقىقەتچى ماركستىن
ئەڭ مۇكەممەل ئىپادەمنى تاپقانمەن.

شەرەپلىكمەن ماركسچىلار ئىلكىدە
مىزان بولدۇم ھەق-ناھەقنىڭ پەرقىگە.
ماركسچىلار يەڭگەن ئەلدە، ئۆلكىدە
بولالمايمەن ناھەقلىققە قورغان مەن.

ماركسچىلار يەڭگەن جوڭخوا ئېلىدە
ماۋزېدوڭچى ئەۋلاتلارنىڭ تىلىدە،
ياخشىلىقنىڭ، ئۇتۇقلارنىڭ جەمگە،
كەلمەكتىمەن سالماق بولۇپ هامان مەن.

شۇنداق ئادىل باها بولۇپ تۇرمۇشقا،
شەرەپ تاپسام، قالماي ئۇيات-نومۇسقا،
مەن شاتلانماي بۇ شەرەپكە نىمشقا،
دەيمەن شۇڭا: بۇ شەرەپكە قۇربان مەن.

شۇنداقتىمۇ گايى بولۇڭ-پۇشقاقتا،
چىقىپ كەلدىم ھىچ ئورۇنسىز پەشتاقتا.
يوقالماستىن بۇ ھەقسىزلىق ھىچۋاقتا،
ئازات بولدۇم دىيەلەيمەن تامام مەن.

تەختكە چىقىپ بۇ ئەلدە ھەق-ئادالەت،
يالغانچىلىق سانالسىمۇ جىنايەت،
بەزى چاغدا، بەزى جايدا تالاي رەت
يالغانچىغا بولۇپ كەلدىم قالقان مەن.

بەزى يالغان دوكلاتلارغا توقۇلدۇم،
ئۇتۇقلارغا نىسبەت بولۇپ سۇنۇلدۇم،
يۇقۇرىغا بەزەن شۇنداق تونۇلدۇم،
ھەقىقەتتە ئۇتۇق ئەمەس، نۇقسان مەن.

بەزى مەجلىس بەك داۋراڭلىق ئېچىلدى،
قارىماققا نۇرغۇن تۇگۇن يېشىلدى،

بۇ «نەق ئىش»قا مېنىڭ تامغام بېسىلدى،
راستى نەق ئىش ئەمەس، قۇرۇق چۇقان مەن.

يالغانچىنىڭ ۋەدىسىنىڭ سانى يوق،
كېپىللىككە مېنى تارتىپ ھالى يوق.
سۈرۈشتۈرسەڭ، نەتىجىنىڭ تايىنى يوق.
ئاغزى بىلەن شەھەر ئالغان پالۋان مەن.

بەزى چاغدا سورۇلمىغان خاماندىن،
گەپ ئاچقاندا بۇغداي بىلەن ساماندىن،
باھا بولدۇم نەق بۇغدايغا يالغاندىن،
ھەقىقەتتە بۇغداي ئەمەس، سامان مەن.

ئارىلاشقاندا يالغانچىلار ۋاۋۇتقا،
چىقىپ كەتتى تالاي رۇدا نابۇتقا،
مېنى سالماق قىلدى يەنە پولاتقا،
ھەقىقەتتە پولات ئەمەس، داشقال مەن.

يالغانچىلار ئارىلاشقاندا سودىغا،
يالغاندىنلا سالماق بولۇپ پايدىغا،
نومۇس قىلماي باردىم مەركەز ئالدىغا،
سۈرۈشتۈرسەڭ، پايدا ئەمەس، زىيان مەن.

يالغانچىلار ئارىلاشقاندا ئىلمگە،
تەتقىقاتى بارماستىنلا يېرىمگە،
داۋان ئېشىپ يەتتۇق دەيدۇ مەنزىلگە،
ھەقىقەتتە ئېشىلمىغان داۋان مەن.

بەزى چاغدا بىنەپ ئىشقا باشلامچى،
دەريا باشلاپ كەلدۈق دىگەن داۋراڭچى.
ھەقىقەتتە ئىچەلمىگەن بىر تامچى،
«ھاۋانچىدا سۈيەنچىگەن ئىشچان» مەن.

سۆزلەپ كەلـەم مۇنداق ئىشلار خېلى بار.
خېلى ئىشتا يالغانچىنىڭ قولى بار.
تۇمشۇغىغا يەپ تۇرسىمۇ ھىلىمۇ،
ساقايتىشقا بولۇپ كەلدىم دەرمان مەن.

مېنى سېتىپ جان باقتى كۆپ يالغانچى،
ئۇ كىم دىسەڭ، قىزىقۇنچاق ھەم ئالدامچى.
بيۇروكراتلار بولدى ئاڭا تاياندچى،
شۇنىڭ ئۈچۈن بولدۇم خېلى بەتنام مەن.

بۇ ئىشلاردىن كەلگەن زىيان ئاز ئەمەس،
كۆرمىگەن كۆز ئۈنى، ئادىل كۆز ئەمەس،
شۇڭا دەيمەن: مەنىبۇ ئەمدى رازى ئەمەس
ھەق جايىنى تۇگەل تاپماي چاپسان مەن.

ئاز بولمىدى يالغانچىنىڭ ئەلدىمى
يەتكەن جايدا ئۇنىڭ رەزىل قەددىمى.
بولمىغاندا ماۋجۇشىنىڭ تەلىمى،
خارلىناتتىم بۇنىڭدىنمۇ يامان مەن.

بارىكاللا ماۋجۇشىنىڭ پەمىگە،
دەككە بەردى يالغانچىلىق ۋەھمىگە،

ئەمدى ئاسان چىقالماس ئۇ سەھنىگە،
يالغانچىغا ئەمەس ئەركىن مەيدان مەن.

تەكشۈرۈشلار ئۆتكەن ئىشنى سىنچىلاپ،
مەن يالغانغا نىشاپ بولدۇم قانچىلاپ.
مېنى بوزەك قىلغانلارنى قامچىلاپ
تۇنجۇقتۇرۇش، قىلاي ئەركىن خەندان مەن.

مانا، ھەقنىڭ ئادىل ھساپ كىتاۋى،
يالغانچىنى تىترەتكە گۇنايى.
بولغان بولسام بۇرۇن ئۇزنىڭ نىشاۋى،
ئەمدى قىلمىش.. گۇنايىغا مىزان مەن.

1962 - يىل يانۋار - مارت، ئۈرۈمچى

## ئۇرچۇق باتۇر

شۇنداق سۆز بار
(كونىدىن قالغان):
«لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى.»
توۋا، خىزىر خۇددى ئۈيغۇردەك
ئۈيغۇرلاردا ئاز لەقەمسىز كىشى.

خىزىر دىگەن ئەپسانە چۆچەك،
ئۇنى ياسىغان ئادەم خىيالى.
بىراق كۆپ ۋاقىتتا لەقەم ئادەمنىڭ
بولۇپ قالىدۇ نامى ـ ئەمالى.

*

ئىسمى ـ جىسمى تۇرسىمۇ ئايرىپ
بۇ سېھىتكى بارچە ئادەمنى،
ھەيران بولۇپ دەيسىز:
«نىمىشقا
‹ئۇرچۇق باتۇر› دەيدۇ پاتەمنى؟»

جۇغى كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ،
ئاسانغا چۈشمىدى زاۋۇتقا كىرىش.
«قانداق يارىسۇن، — دىگەن بەزىلەر، —
تۇرسا ئۇنىڭ بويى تۆت غېرىش؟»

مانا ئۇچ يىل ئۆتتى ئارىدىن،
بويى يەنە خېلىدى شۇ پەيتى.
بىراق ئۇنتۇلۇپ ئەمدى «تۆت غىرىش»،
«ئۇرچۇق باتۇر»غا ئايلاندى ئېتى.

ئىككى يىلدا ئىچى ئاتالدى
«شاگىرت» ئاتلىق ئۆتكەللەرنى ئېشىپ،
سېخ ئىچىدە قىزىل توغ بولدى،
ھەم ئۇرچۇقتا ئىنچىكە ئېشىپ.

ئەنە قاراڭ،
ئۇنىڭ ئىلكىدە
سايراپ تۇرىدۇ بىر جۈپ دەستىگاھ.
شۇڭا ئەمدى كەمسىتىش، گۇمان
دەسسىلىپ قالدى ئۇنىڭ ئاستىدا.

*

بىرمىڭ ئۇرچۇق - ئىككى دەستىگاھ،
ئۇچ ئايلىنىش - يېرىم چاقىرىم.
ئوخشاتقىنىڭدا ئۇنى فورونتقا،
كوماندىرىغا دەيسەن: ئاپىرىن!

«قانچە ئەسكەر بار بۇ فورونتتا؟» دەپ
سوئال قويساق كوماندىرىغا،
«ئۇرچۇق باتۇر» جاۋاپ بېرىدۇ:
«ئۆزەم بىلەن بىرمىڭ بىرى بار.»

بىرگە مەلۇم،
ياخشى كوماندىر
كۆرىدۇ ئۆزىنى جەڭچى بىلەن تەڭ.
شۇڭا ئۇ دانا،
شۇڭا ئۇ كۈچلۈك،
شۇڭا يېڭىدۇ ئۇ باشلىغان جەڭ.

*

دەستىگاھنىڭ يېنىدا جىمجىت
بىردىن ساندۇق تۇرىدۇ ھامان.
لېكىن ئاچقاندا تۆت سائەتتە بىر،
تەكشۈرگۈچى بولىدۇ ھەيران.

ئاشۇ ساندۇق ئېچىلغان ۋاقتا،
تولغان بولسا ئىچىگە پاختا،
بۇ، ئەلۋەتتە بىراكتىن بەلگە،
يوشۇرالماس ئۇنى ھېچ ساختا.

بۇ ئۇيات ئىش،
لېكىن ئۇنىڭدىن
«ئۇرچۇق باتۇر» خالى ھەركۈنى.
ئۇنىڭ ساندۇقى قۇرۇق دېگۈدەك
بەزىدە بىر ئاچسىغۇ ئۇنى.

شۇڭا دەيدۇ بەزىلەر:
«بىرمۇ

«ئۇرچۇق باتۇر» دەك ئىشلەسەك مەزمۇت.
شۇ ساندۇقتا كەتكەن ئەمگەكتىن
نەچچە زاۋۇت بولاتتى مەۋجۇت...»

*

توقۇمىچى ئارزۇ قىلدۇ
«ئۇرچۇق باتۇر» ئەگىرگەن يىپنى.
شۇنداق يىپتىن توقۇسا ئۇ قىز
خۇددى پاكىچۇ قىلدۇ چىتنى.

ئاۋۇتىدۇ ئاشۇنداق رەختلەر
تەكشۈرگۈچى قىزنىڭ ئىشىنى.
رەختتىن قۇسۇر تاپالمىغاچقا،
ئۇبراتمايدۇ قېرىنىدىشىنى.

دەيدۇ ئۇلار رەختتە زوقلىنىپ:
نەبە دىگەن چىرايلىق، سىپتا!
توقۇلغاندەك گويا بۇ رەختلەر
«ئۇرچۇق باتۇر» ئەگىرگەن يىپتا...

شۇنداق رەختنى ئالغان كىشلەر
ئايانماستىن سانايدۇ پۇلنى.
مەيلى، قانچە قىممەت بولسىمۇ
ئىزلەپ تاپىدۇ ئۇستا سەيپۇڭنى.

سەيپۇڭ ئۇستام رەختنى قەدرلەپ،
رازى قىلدۇ ھۈنەردە شىنى.

«گۈل ئۈستىگە گۈل بولدى راست» دەپ
ھەۋەس بىلەن كىيگەن ئۇنى.

*

ئاشۇ رەختلەر بىزنىڭ زاۋۇتتىن
چىققان (نەچچە چېجىيەندىن — سېرىختىن).
يارالدى ئۇنىڭ ئېسىل ئۈلگىسى
«ئۇرچۇق باتۇر» ئىگىرگەن يىپتىن.

پەخىرلىنىدۇ ئاتا-ئانىلار:
«ئۇرچۇق باتۇر» دەك بول! قىز بالا.
مەنمۇ زوقلىنىپ دەيمەن:
شۇ قىزغا
قايسى بەختلىك يىگىت جۈپ بولا!

1962 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

## ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

جان ئانام، جانان ئانام جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
مېھرىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.
قەلبىمىزنىڭ مەشئىلى كومپارتىيە — باشلامچىمىز،
توي بىلىپ ئات سالدىم ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن.
شۇ قۇياشلىق دەۋرىمىزدىن تاپتى ئەل چوڭ شان-شەرەپ،
ئىپتىخارىم: شۇ زاماندا كۈيچىمەن، سازەندىمەن.
شۇ مۇھەببەتسىز، شۇ مەشئەلسىز، شەرەپسىز بىر مىنۇت —
ياشىسام جەننەتتىمۇ دەيمەن: «دوزاقتا بەندىمەن».
تارىخىم بار شانلىق، شەۋكەتلىك شۇ تۇپراق قامۇسى،
مىڭ كىتابلىق دەرس ئالارمەن ھەر ۋاراق كۆرگەندەمەن.
شۇ ئۇلۇغ تارىخقا ۋارىس بولمىسام ئۆمرۈم بويى،
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى، بولغاندىن تىرىك شەرمەندەمەن.
ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلدە يۈرسەم ئۆزەمنى سېزىمەن گۈلشەندە مەن.
سۇلىرى ئابىھايات، كەۋسەر خىجالەت ئالدىدا،
نە ئۈچۈن مۇھتاج بولاي، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.
نەگە بارسام ئۆز ئانام قويىنىدا مەن، ئۆزگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى ئەنجان، مەيلى تەيخاڭشەندە مەن.
ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم
ئۆز ئېلىمدە ياپىرىغاي كىيسەم كۆلاھۇ جەندەمەن.
مەندىداش قەھرىگە قەھرىم، كۆلكىسى كۆلكەم مېنىڭ،

قايسى غەمدە بولسا ئۇ مەنمۇ هامان شۇ غەمدە مەن.
سانچىلارمەن تىغ بولۇپ، كىمكى ئۇنىڭغا قىلسا قەست،
دوستىغا دوستلارچە هە دەم بولسەن هەمدەمدە مەن.
راھەتى تۇرماق، مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا،
داتلاسام راھەت ئارا، تۇزكور بولۇپ ئۆلەمدىمەن!
كۆيمىقاپقا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغلى تۇرۇپ،
قوترىغان تەنلەر قوييۇنلار نوقۇسا تەۋرەمدىمەن.
بەختى كۆلمەكتە ۋەتەنىنىڭ، ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كۈزۈم، شۇ ئەتىنى كۆرمەمدىمەن.
ئۆز نەسىۋەمدەك قۇچاقلايمەن شۇ بەخت رەناسىنى،
ئاندىغاچقا مەنمۇ جۇتلاردىن ئۇنى مەيدەمدە مەن.
شۇ ژىسالدىن رىشتە ئۆزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ،
نەپرەت دەر ئىغىراسىنى سالسام يۈزىگە شۇندا مەن.
بەختىيارمەن «مېھرىۋان ئوغلۇم» دېسە مېنى ئانام،
تاپىدەكەن بۇندىن ئارتۇق قايسى بەختنى ئەمدى مەن.
بىر ئۆمۈر قوينىدا تەر تۆككەم، ئۇنى قىلسام رىزا،
نە ئىمىشتۇر بىر ئۆمۈر، مىليون ئۆمۈر خۇرسەندە مەن.
ئۆلمىدى دەڭلار مېنى، ئۆلسەممۇ ياتسام كۆز يۇمۇپ،
شۇ ئانا تۇپراقتا قىزىلغان ئەزىز قەۋرەمدە مەن.
يۈكلىگىن يۈكنى ئانا، مەن تاڭشۇرۇلغان تۇلپىرىڭ،
سەن ئۇچۇن يۈكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگە مەن.
بار ئۇچۇن سەن مەنمۇ بار، سەنسىز هاياتىم يوق مېنىڭ،
چۈنكى مەن سېنىڭ بىلەن بىر جاندا مەن، بىر تەندە مەن.

1962 - يىل، ماي

## لەۋلىرىڭنى شۇ ئۈزۈمگە ئوخشاتتىم

ئوخشايدىكەن دىسەم لىۋىڭنى
مەي باغلىغان ياقۇت ئۈزۈمگە،
رەنجىپ يۈرمە يەنە باغۋەن قىز،
باشقا مەنە بىرىپ سۆزۈمگە.

ئېسىڭدىمۇ، بۇلتۇر يازدا بىز
شۇ باراقسان باراڭغا كىرىپ.
شۇ ئۈزۈمدىن ھۇزۇرلىنىپ يەپ،
ماختىشىدۇق زوقىمىز كېلىپ.

سەن شۇ چاغدا دىدىڭ: «ئېسەنگە
بۇنىڭدىنمۇ پىشىدۇ تاتلىق.»
بولدى بۇ سۆز خۇددى ۋەدەڭنىڭ
تەنتەنىسىگە چىللىغان تەكلىپ.

كىردۇق بۈگۈن باراڭغا يەنە
چۈمكەپ ئالدى بىزنى باراقسان.
ھەر بىر ساپاق مىسالى ھۆكەر،
باراڭ گويا ياپ-يېشىل ئاسمان.

شەرۋەتكە تولغان ئۈزۈملەرنى يەپ،
زوقۇم بىلەن قادالدىم ساڭا.

ئېسىل ئىكەن قىزنىڭ سايىۋىسى،
لەۋلىرىڭنى ئوخشاتتىم شۇڭا.

بار مېھرىڭنى تۆككەن ئىكەنسەن
ئاشۇ ۋەدە، ئاشۇ سۆز ئۈچۈن.
بىلدىم «سۆزى شېرىن» دېگەن گەپ
چىققان ئىكەن سەندەك قىز ئۈچۈن.

شۇ مېۋىڭدىن شەرۋەت يېتىلدى،
مېۋىلىك دەسلەپ لېۋىڭدىن تامدى...
باغۋەن قىزى،
بالىنىڭ ئانىسى،
چۈشەنگەنسەن سۆزۈمگە ئەمدى.

1962 - يىل ئاۋغۇست، تۇرپان

# بۇيلۇقنىڭ تويى

كىرىپ كېتىپ، تەبىئەتنىڭ ھۆسنى ئۆزگەردى،
ئۆز پەسلىگە نۆۋەت ئېلىپ ئالتۇن كۈز كەلدى.
شېرىن ئۈزۈم شەرۋەت باغلاپ، قىيامغا يەتتى،
شۇ كۈنلەردە ئۈزۈمزاردا توي بولۇپ كەتتى.
ئاشۇ تويدا مەنمۇ شەرۋەت كانىنى كۆردۈم،
«بۇيلۇق» ئاتلىق ئېمىناۋات جامىنى كۆردۈم.
دېگىنىز دېسەن چەكسىز كەتكەن ياپ-يېشىل باغنى،
چاڭگا-چاڭگا گۆھەر دېسەن مىغ-مىغ ساپاقنى.
تاڭزىلاردا پۈتنىڭ ئۇچى سىققۇدەك جاي يوق،
قىزلار دەيدۇ: «سىۋەتلەرنى قەيەرگە قويدۇق؟»
«غەم يېمەڭلار! — دەيدۇ بوۋاي، مەغرۇر، ۋاقتى چاغ، —
غەنىمەت بۇ بىزگە كەلگەن ‹تالقان تۆكتى› چاغ...»
تارلىق قىلىپ چۈنجىلەرگە چۈنجە قېتىلادى،
ئاسما تىككەن قات-قات شېرىن شەرۋەت يېپىندى.
باغۋەن خوشال، ئۇخشىدى دەپ زەپمۇ ھوسۇلۇم،
دەيدۇ: «قېنى خالىغانچە يەڭلار دوستلۇرۇم!»
يىگەن چاغدا ياقۇت رەڭلىك «شىلدىر شىكەر»* دېن،
مىننەتدارمىز باغۋەن تۆككەن ئۈنچىدەك تەردىن.

1962 - يىل، سېنتەبىر

* تۇرپان تەرەپتە ئۈزۈم تۇغرىلىق «ئانىسى لايدۇر خوتۇن، بالىسى شىلدىر - شىكەر» دېگەن تېپىشماق بار.

## پىشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى

بالام، سەن يېڭى ئەۋلادسەن، تۆرەلگەن مەردى مەيداندىن.
زامانەڭ كۈلدى، نۇرلاندى، يورۇقتۇر كەلگۈسۈڭ ئاندىن.
بىلەمسەن، كەلدى بۇ نۇر قايسى ئۇچتىن، قايسى يالقۇندىن.
ئەمەس ئىنئامى تەلەي بۇ، تويۇقسىز چۈشكەن ئاسماندىن.
ئۆتكەنلىك تەكتىگە يەتمەستىن يېتەلمەس قەدرىگە ھېچكىم،
چۈشەن چوڭقۇر ئوقۇپ سەن بۇ قىزىل جەڭنامە-داستاندىن.
ئاتاڭدۇ شۇ قىزىل جەڭنامىنىڭ ھەيداسى ھەم شاھىت،
كەچۈرگەن سەرگۈزەشتەم تامچىدۇر بۇ مىسلى ئوكياندىن.
ھاياتلىققا كىلىپ، ئەقلىم بىلەن دۇنياغا كۆز ئاچسام،
ۋەتەن يوقسۇللىرى مەندەك ئىكەن بەك خار ھايۋاندىن.
ئەجەپ ئەزدى قارا ئۈچ تاغ — بىرى چەتتىن بېسىپ باشتىن،
بولاشقانچە ئاڭا ئىككى قارا تاغ قىستىدى ياندىن.
چىدالماي «ذات» دىسە دەرتىمەن زۇلۇمدىن ئۆرتىنىپ باغرى،
جازا جاللاتى تىغ ئۇردى ۋە يا جاي بەردى زىنداندىن.
بويالدى بۇ ئانا توپراق تۆكۈلگەن بىگۇنا قانغا،
پەلەكنى قاپلىدى ئىس-دۇت بولۇتتەك ئاھۇ-ئەپغاندىن.
قۇلاق سالدى بۇ دەرتكە نە خۇدا، نە ئەۋلىيا، سۇلتان،
تېپىلدى دەرتكە دەرمان قايسى باتۇر، قايسى لوقماندىن؟
نىجات ئىزلەپ غەرىپتىن، ئالدىنىشتىن پۈتتى بىر تارىخ،
بالا-جۇت ياغدى بىر قىچقارمىغان ئالۋاستى «مېھمان» دىن.
تۇغۇلدۇق قايتىدىن، ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئېلىپ بىر جان،

ئۈيۈشتۇق قىپ ـ قىزىل بايراق كۆتەرگەن سەپكە ھەر ياندىن.
يۇرۇش قىلدۇق، ئۇلۇغ ماركس كىتاۋىدىن تېپىپ بىر يول،
كۆرۈپ مەنزىلنى لېنىن باشلىغان نۇرانە دەۋراندىن.
ئۈممەت شىرىن، بىراق ئۇ ئەجىرسىز بەرمەيدىكەن مىۋە،
شۇڭا جانانغا يەتمەك يوق، دىدۇق، كەچمەي تۇرۇپ جاندىن...
ئېزىلگەنلەر ئىلىپ كىرىپ ئىدۇق باشتا، ھودۇقتۇق، تەۋرەپ ماڭدۇق،
چىقىپ سەپ ئالدىغا ئاخىر يېتەكلەپ ماڭدى ماۋجۇشى،
زەپەرگە چامدىدۇق ئىبرەت ئېلىپ ھەر قىسما نۇقساندىن.
شۇڭا يولدا خەتەر دەپسەندە، دۈشمەن بولدى شەرمەندە،
پاچاقلاندى زۇلۇم تەختى بوزەكلەر قەھرى ـ ۋولقاندىن.
ئېلىپ چىقتى بۇ يول بىزنى قاراڭغۇدىن يورۇقلۇققا،
ئېلىپ چىقتى باھارغا قەھرىتان كەزگەن زىمىستاندىن.
بۈگۈن تاڭدەك كۆتەردى قەد ئازاتلىقتىن قىزىل جۇڭخۇا،
ماكان تاپتى ھالال ئەمگەكچى ئىنسان باغۇ ـ بوستاندىن.
كۆرەشتە، ئىشتا ئۆملەشتۇق تۆكۈلگەن مۇشت كەبى مەزمۇت،
جاپانى ئەيلىدۇق تەسلىم، ئېلىپ كۈچ بارچە ئىمكاندىن.
زاماندا مېھرىمىز بىزنى ئاجايىپ تۆھپىكار قىلدى،
شۇڭا ئۈزلۈكتە گۈل ھەر دەم ئەسىرلىك چۆل ـ باياۋاندىن.
بۇ باغدا باشلىنىۋەتتۇق توي، تېپىپ تۇنجى ھالاۋەتنى،
بەخت جامىغا شەرۋەت تولدۇرۇپ بۇ شەكەرىستاندىن.
بىراق جاي ئالمىسۇن ھەرگىز قانائەت ياكى غاپىللىق،
بۇ تويدا ياڭرىغان شاتلىق، ئەلەمسىز كۈلكە ـ خەنداندىن.
بالام، مەنزىلىمىز پارلاق ۋە لېكىن ئەگرىدۇر ئۆتكەل،
بۇ يول خالى ئەمەس ھەرخىل توسالغۇ ياكى قاپقاندىن.
راۋا كۆرمەس سائادەت ـ بەختنى بىزگە كونا شۇم دۇنيا،

تىلەر بىرگە زاۋاللىق، كەتكىنە ئاخىرقى دەرماندىن.
ئۇنىڭ نامى جاھانگىردۇر، ئىزىنىڭ چوڭ ئوردىسى «ئاق ئۆي»،
قىلار شۆھلۆق قۇتۇلدۇرماق بولۇپ تەختىنى بېھراندىن.
ئۇنىڭ پەيلىنى جوڭگولۇق چۈشەنگەن شۇنچىلىك روشەن،
بىلەر ھۇشيار كىشى گۈل پەرقىنى ھەر چاغدا ئازغاندىن.
ئىشەنگەي كىم، يىلان ئۆز زەھرىنى تەرىپلىسە بال دەپ،
ئىشەنگەي كىم، بۆرە چاقاپ كېتىپتۇ دىسە پاخلاندىن؟
جاكا قىلغان ئىدى تارىخ: جاھانگىر پەيلىدىن يانماس!
ھەقىقەت ھېچكىمدە ھېچ چاغدا يېڭىلمەس پىتنە-يالغاندىن.
شۇ دۈشمەن گۈرگە كىرمەي، ئاجرىماس پوستىن قىزىل جەڭچى،
بۇ قوللار زادى مىلتىقتىن، بۇ كۆكرەك زادى قالقاندىن.
بۇ ياۋ ئالدىدا بىخۇتلۇق، بۇ ياۋ ئالدىدا تىز پۈكمەك،
بۇ، يانغانلىق قىزىل ئانتتىن، مۇقەددەس ئەھدى پەيماندىن.
تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال بۇ دۈشمەن كۆرسە قورقاقنى
سانايدۇ زور ئۆزىنى ئەھرەمەن*دەك دېۋە پالۋاندىن.
ئۇنىڭ مۇدھىشلىگى كۈچتىن ئەمەس، بەلكى رەزىللىكتىن،
ئۇنىڭ غالجىرلىغى — تەقدىرگە قارشى جان تالاشقاندىن.
بۇرۇنمۇ دېۋە-ئەجدەرھانى ھۇشيار، مەرت يېڭىپ يەڭگەن،
چۈمۈلە غەيرىتىدىن باي بولۇپ چىققان سۇلايمان**دىن.
دېڭىزنىڭ دولقۇنى كۆپ، كېمىنىڭ باردۇر خەتەر-خەۋپى،
چىقالماس زادى قىرغاقتا دېڭىزچى قورقسا بوراندىن.
تىزىلغانمىز بۇ سەپكە، ئۆلتۈرۈپ قورقۇشنى بىز باشتا،
يېڭىش يوق ياۋ بالا ياغدۇرسىمۇ ئوت ياكى توپاندىن.

* ئەھرەمەن — ناۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىدىكى ئەپسانىۋى دېۋە، ئۇ قانچە ھەيۋەتلىك ياۋۇز بولغىنى بىلەن ئاخىرى پەرھاددىن يېڭىلگەن ئىدى.

** رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، جاھان پادىشاسى سۇلايمان ئۆز غەزنىسى بىلەن ناھايىتى مەغرۇرلىنىدىكەن. لېكىن ئۇ ئەمگەكچان چۈمۈلىلەر پادىشاسىنىڭ بايلىغى ئالدىدا لەت بولۇپ قالغان.

قىزىل بايراقتا سادىق بىز، ئۆلۈمدۇر بىزگە ئازغۇنلۇق،
چۆچۈپ بىمەنە پەتىۋادىن، تىڭىرقاپ ياكى بۆھتاندىن.
«سېنىڭ بەختىڭ، غۇرۇرۇڭ قايسى؟» دەپ ئوغلۇم سوئال قويساڭ،
جاۋابىم شۇ: شۇ بايراقتا ئەگەشتىم، كەچمىدىم ئاندىن!
بۇ سەپنىڭ تۇنجى ئەۋلادى بۇ دۇنياغا ئەمەس باقى،
بىراق بۇ سەپ ئۈزۈلمەس، مەڭگۈ ئايرىلماس شەرەپ - شاندىن.
بۇ سەپتە بىز كۆتەرگەن تۇغقا ئوغلۇم سەنمۇ بىر ھەمدا،
كۆتەر تىك سەنمۇ بۇ تۇغنى، ھەزەر قىل كۆلكە، شەيتاندىن.
ئاتا رازى، ئانا رازى ۋە تارىخ ئېپتىخار تاپقاي
بۇ تۇغنى تىك كۆتەرگەن بارچە ئەۋلات — قىز ۋە ئوغلاندىن.
ئەگەر كىمكى بۈگۈن يا ئەتە داغ سالسا بۇ بايراقتا،
ھىساپ ئالغۇسى تارىخ ئۇ يۈزى، كۆڭلى قارايغاندىن.
كۆرۈندى تاغ «كۆرۈنگەن تاغ يېقىن»، ئۇ قاچمىغاي زادى
بېلى مەھكەم، دىلى نۇرلۇق، ئۇمىتۋار بارچە مەرداندىن.
رەقىپ بۇ يولدا قازسۇن قانچە ھاڭلارنى، ھامان ئاخىر
توسالماس بۇ قىزىل سەپ ئاشىغىنى ۋەسلى جاناندىن.
بوۋايلار: «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەپ زەپمۇ ھەق ئېيتقان،
سوراڭ ئىسپات بۇڭا تارىختا ئۆتكەن بارچە كارۋاندىن.
«يازار ھەركىم ئۆزى ئۆز تارىخىنى»، بىل بۇنى ئوغلۇم،
ئۆمۈرنى مەنىسىز ئۆتكۈزگۈچى قاخشار پۇشايماندىن.
ئۇمىدىم بول قىزىل بايراقتا ئەجدادىڭ كەبى سادىق،
بالاڭغا سەنمۇ تاپشۇر شۇ پېتى، ئاشقانچە داۋاندىن.

1962 - يىل نويابىر — دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

ۋەتىنىم، سۆيۈملۈك ئانامسەن،
گۈزەلسەن، باتۇرسەن، داناسەن.
مەن سېنىڭ باغرىڭدىن تۆرەلدىم،
مەن دەسلەپ ھىس قىلغان دۇنياسەن.

ۋەتىنىم، بىپايان مۇھىتسەن،
قۇدرەتىڭنىڭ مىسالى دولقۇنۇڭ.
مەن ئۈچۈن مۇھىتتىن كەم ئەمەس،
مۇھىتنىڭ تامچىسى بولغىنىم.

ۋەتىنىم، گۈزەللىك گۈلشىنى،
بىباھا ھەر چىمدىم تۇپرىغىڭ.
مەن ئۈچۈن مىڭ باغدىن ئەتىۋا
بولغىنىم بىر گىيا، ياپرىغىڭ.

ۋەتىنىم، سەن تاپقان دانالىق —
زامانىنىڭ ھەقىقەت مۇنبىرى.
ئېلىڭدە مىسلىسىز پارلىدى
ماركسنىڭ، لېنىننىڭ گۆھىرى.

بوزەككە شەپقەتلىك يۆلەنچۈك،
ياۋۇزلار باغرىغا خەنجەرسەن.

ساڭا يات تەمەننا گۇناسى،
مىننەتسىز، ئۇلۇغسەن، كەمتەرسەن.

مەردانە لەۋزىڭگە سادىقسەن،
يۈكۈڭمۇ ھەممىدىن زىيادە.
شان-شەرەپ سەن ئۈچۈن بەخشەندە
بۇ ساڭا تارىختىن ئىرادە.

ۋەتىنىم كۆردۈم مەن ئەتەڭنى
بۈگۈننىڭ ئەڭگۈشتەر كۆزىدە.
ئۇ ساڭا راسلا بىتۇ پايانداز،
تەبەسسۇم جىلۋىسى يۈزىدە.

يولۇڭنى قۇتلىغان شان-شەرەپ
ئەتىنىڭ ئاق كۆڭۈل ئەلچىسى.
قەدىمىڭ، تەنتەنەڭ ساداسى —
زامانەم كۈيىنىڭ ئەۋجىسى.

ۋەتىنىم، مەن سېنىڭ ئوغلۇڭمەن،
بىر ئۆمۈر شەنىڭنى كۈيلەيمەن.
ئوقۇسام شەنىڭگە باپ قوشاق،
شۇ مىنۇت مەن ئۈچۈن توي دەيمەن.

1963 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

## سەيلىدە

ئايلىنىپ تيەنجىننىڭ كوچىلىرىنى،
توختىدۇق بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
يەكشەنبە بولغاچقا باغدەك ياسىنىپ
يۈرۈپتۇ ئاددەملەر تاماشا قىلىپ.

يولداش لى مېنىمۇ باشلىدى باققا،
سەيلىگە ئىنتىلگەن زوقۇمنى بىلىپ.
ۋە لېكىن توختىدى ئىشىك ئالدىدا
سۆزلىدى ئۆتكەننى يادىغا ئېلىپ.

«ئون تۆت يىل ئالدىدا، دوستۇم، بىز ئۈچۈن
بۇ باغنىڭ ئىشىگى ئېتىكلىك ئىدى.
‹جۇڭگولۇق ھەم ئىتلار كىرمەسۇن› دېگەن —
پەيزىسى بىر ياندا ئېسىقلىق ئىدى.

ئۇ چاغدا بولاڭچى ياگرېنلار* ئۈچۈن
جۇڭگولۇق ئىنسانمۇ خار بەندە ئىدى.
بىز بىنا قىلغان شەھەرلەر، باغلار
شۇم ئاياق ئاستىدا دەپسەندە ئىدى.

* ياگرېن — ئۆتمۈشتە تيەنجىن خەلقىمۇ مۇستەملىكىچى ئەجنەبىلەرنى شۇ نام بىلەن ئاتايتتى.

كىيەتتى بېشىغا بۇ باغنى ئۇلار
قولتۇقلاپ ئويناش-خوتۇنلىرىنى.
خېنىملار كۆكسىگە كۆچۈكنى تېڭىپ،
ئويناييتتى سۆيدۈرۈپ بويۇنلىرىنى.

ئۇلارنىڭ يوگەنسىز مەرتىۋىسىنى
مۇتىھەم قانۇنلار كۆتەرسە قانچە،
بىراق ئۇ بەربىر ئىشچى-دىخاننىڭ —
ۋىجدانى ئالدىدا پەس ئىدى شۇنچە.

ئەگەر كۆچۈكلەنسە كىمكى ئىت بولۇپ،
نەپ ئىزلەپ شۇملارنىڭ ئاياق ئاستىدىن.
يالىسا ئۇلارنىڭ تاپانلىرىنى،
بەلكى، جاي بېرەر بوسۇغىسىدىن.

ئادەم سۈرەتلىك ئىت بولۇش ئۈچۈن
بىر يولى ۋىجداندىن كېچىش كېرەك، بەس.
بۇ پەقەت خائىنلار ئۈچۈنلا ئاسان،
ۋە لېكىن بىز ئۈچۈن ئۆلمەكتىنمۇ تەس.

قىلىچلار كەسسىمۇ باشلىرىمىزنى،
كىشەنلەر بوغسىمۇ ھوقۇقىمىزنى.
ۋە لېكىن نومۇستىن ئايرىيالمىدى
ۋەتەنگە سادىق ۋۇجۇدىمىزنى.

شۇ نومۇس ئىدى بىزنىڭ كۈچىمىز،
ساقلىدۇق بىز ئۇنى يۈرەك قېتىدا.

ئۇ بىزگە تۇتقۇزدى قىساس تىغىنى،
تاۋلىدۇق بىز ئۇنى غەزەپ ئوتىدا.

كۆڭچەندەك باشلانغان كۆرەش يالقۇنى
ئۆرتىدى زۇلۇمنىڭ تاجۇ-تەختىنى.
جوڭگوغا جۇڭگولۇق بولدى خوجايىن،
چاپاكەش يوقسۇللار تاپتى بەختىنى...»

*

رەھمەت يولداش لى،
سىنىڭ سۆزۈڭدىن
سەيلىدىن قايتتىم مەن چەك لەززەت بىلەن.
يېزىش كېرەك ئەمدى باغنىڭ ئالدىغا
ئاشۇ سۆزلىرىڭنى ئۆچمەس خەت بىلەن.

1963 - يىل 20 - ئىيۇل، تيەنجىن

# تۇمەنجياڭ بويىدا

قورقماس بولىدىن تۇمەنجياڭغىچە
تالاي دەريا، تاغلارنى كەزدىم.
هەر مەنزىلنىڭ مۇهەببىتىنى
هۇزۇرلىنىپ قەلبىمگە يازدىم.

مەن تۇرپاندا ئۈزۈم يەپ بولدۇم،
هەم بېيجىڭدا كىتاپ ئوقۇدۇم.
شىنجياڭدا «بارىكاللا» تۇۋلاپ،
تۇمەنجياڭدا قوشاق توقۇدۇم.

بۇندىمۇ ئالدىم قەلبىمگە هوزۇر
بەختى كۆلگەن قېرىنداشىمدىن.
يېڭى مېيىدىن چىققان شاراپنى
ئايلاندۇرۇپ ئىچتىم بېشىمدىن.

قىزلارنى مەن «ئاباجى»* دېدىم،
«ئوپپا»** دېدى قىزچاقلار مېنى.
تۆكتى ئايىماي مېھىر .. مۇهەببەت
قۇچۇپ مېھرىۋان قۇچاقلار مېنى.

* ئاباجى — چاۋشيەنچە «ئاتا» دېگەن سۆز.
** ئوپپا — چاۋشيەنچە «ئاكا» دېگەن سۆز.

تۆمنجياڭ بويىدا مەشرەپ ئوينىدۇق،
سايىمىز چۈشتى دەريا سۈيىگە.
قىزىپ كەتتى ئۇسۇلىمىز شۇنچە،
تەڭكەش بولۇپ گۈلدۈرۈڭ كۈيىگە.

جانلار سۆيۈندى نەغمە پەيزىدىن
كۆڭۈل جامى شەرۋەتكە توشتى.
گويا تۆمنجياڭ تارىم شاۋقۇنى
چاڭجياڭغا جۆر بولۇپ، ناخشىغا چۈشتى.

شۇ ئىناقلىق مېھىر - مۇھەببەت
ھاياتىمىزنىڭ كۈچى، لەززىتى.
بىزگە مەڭگۈ بەخش ئەتتى ئۇنى
كۆكچەنداڭنىڭ ئۇلۇغ خىسلىتى.

شۇڭا دەيمىز ئىپتىخار بىلەن:
ياشا كۆكچەنداڭ!
ئارى - ئارى - راڭ،
سورى - سورى - راڭ *.

1963 - يىل ئاۋغۇست، يەنبيەن

* «ئارى - ئارى - راڭ، سورى- سورى - راڭ» — چاۋشيەن خەلق ناخشىلىرىدا، مۇزىكىلىق نەقرات. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى «ئايەي»، «يار-يار»، «ھاي-ھاي يولەن»گە ئوخشاش زوق - سۆيۈنچنى ئىپادىلەيدۇ.

چۈشكەن ھامان خوجى مېنىڭ تورۇمغا،
دوغا ـ يايى توساق قۇرۇپ يولۇمغا،
پادىشانىڭ ئەمرى بىلەن جار سېلىپ،
تورۇمغىمۇ، ئەركىمگەمۇ تور سېلىپ،
سان ـ ساناقسىز خوجى ئۈچۈن بىر پۇللۇق—
ھەق تۆلىمەي ئېلىپ كەتتى ئۇدۇللۇق.
چۈنكى شۇنداق پەرمان بارمىش ئەزەلدىن:
«پۇقرا بولساڭ، بىر گۇنادىن ھەزەر قىل.
خوجى تۇتساڭ، شاھ ـ بەگلەرگە سوغا قىل،
يەيمەن دېگەن نىيىتىڭگە، توۋا قىل.
ئۆتۈپ كەتسە ئەگەر خوجى گېلىڭدىن،
ئاز دېگەندە ئايرىلىسەن تىلىڭدىن.»

*

قورقىنىمدىن ئاشۇ يوغان پەرماندىن،
كەچتىم خوجى يېسەم دېگەن ئارماندىن.
كەچىڭگىمدە ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسى
باشقا گەپكەن، باشقىچىكەن مەنىسى.
شۇڭا بەزلەپ تۇتۇپ كەلدىم گېلىمنى،
شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ قالدىم تىلىمنى.

*

چاڭبەيشەندە سۇبھى يورۇپ ـــ تاڭ ئاتتى
ئالتۇن قۇياش نۇرلىرىنى يامراتتى.
ئەمگىكىم ھەم ئەركىم تۇردىن قۇتۇلدى،